ئەكبەرنىياز پەتتارى

# يۈرەك يىلتىزى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目（CIP）数据

心愿：维吾尔文／艾克拜尔·尼亚孜著. --喀什：喀什维吾尔文出版社，2010.12
ISBN 978－7－5373－2268－3

Ⅰ.①心… Ⅱ.①艾… Ⅲ.①诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆CIP数据核字（2010）第244846号

责任编辑：齐曼古丽·阿吾提
责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提

# 心愿

（诗集）

艾克拜尔·尼亚孜 著

喀什维吾尔文出版社出版发行
（喀什市塔吾古孜路14号 邮编：844000）
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230毫米 1/32开本 7.75印张 3插页
2010年12月第1版 2010年12月第1次印刷
印数：1—3000 定价：20.00元

如有质量问题，请与我社联系调换 电话：0998－2653927



## نەشرىياتتىن

ياش شائىر ئەكبەر نىياز پەتتارى 1964 - يىل 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ يار يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى يار يېزىسىدا تاماملاپ، 1983 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1987 - يىل 7 - ئايدا ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن بۇيان، «تۇرپان گېزىتى» دە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئەكبەر نىياز پەتتارىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشلانغان بولۇپ، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «تىلەك» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن،ھازىرغىچە «تۇرپان»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا 900 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. 40 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوتلۇق تىلەكلەر»، «ئاتەش نەپەسلەر»، «قەشقەردىكى يەرشارى» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۇنىڭ شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزەللىرىگە يازغان «تەخمىسلەر» ناملىق شېئىرى بىلەن «قىسمەت ۋە خىسلەت»، «نورۇزدىكى ئەستىلىكلەر» قاتارلىق شېئىرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ۋە «ئاقيول» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

شائىر 1993 - يىلى تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «يېڭى دەۋر تۇرپان ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئاپتور» بولۇپ مۇكاپاتلانغان.

ئۇ ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


بۇ مېنىڭ بۆشۈكۈم ، بۇ مېنىڭ يۇرتۇم ........ 1
ئۇنتۇپ كېتەي دېدىڭمۇ مېنى ؟ ........ 4
ھايات ........ 5
شۇندىن بېرى ........ 6
ئاھ ھايات ، ئاھ سۆيگۈ ........ 7
گۈل تەقدىرى ........ 8
خىيالچان گۈگۈم ........ 9
يوللار ........ 14
ئۇدۇم بولۇپ ........ 15
ئابىدىلەر ........ 16
ئاخىرقى مەكتۇپ ........ 22
تۇنجى قار ۋە تۇنجى يار ........ 23
ئايلار تەزكىرىسى ........ 26
ئۈزۈلمەس ناخشىلار ........ 27
بۈگۈن ........ 30
قىيالماسلىق ........ 32
بىر ناخشا بار بىز تېخى ئېيتالمىغان ........ 33
تۇرمۇش ........ 34
رىسالە ........ 35
قىسمەت ........ 36
مېۋە قالار توزۇسا چېچەك ........ 37
كۆز يامغۇرى ........ 38
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن ........ 39

ئالدىنىش ........................ 40
مەستلىك ........................ 41
تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى ........................ 43
كۆزنى ئۆتكۈزۈش ........................ 45
ئۇنتۇلغان ئارال ........................ 47
سوئال ........................ 48
تۈن ئۇزۇن ئاشىقنىڭ كۈتۈشلىرىدەك ........................ 50
بىز ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى ........................ 52
بالنېستتا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ........................ 54
سۆيۈلمىگەن قىزغا ........................ 56
ئەسسالام، تويۇڭ قۇتلۇق ئانا مەكتەپ ........................ 57
سەھەردە خىيال سۈرۈش ........................ 59
تەسەللىنى خالىماسلىق ........................ 61
ئۆزۈم بىلەن سىردىشىش ........................ 62
ئۇھسىنىش ........................ 64
سەن ........................ 65
ئايرىلىش مىنۇتلىرى ........................ 68
پويىزدا غېرىبسىنىش ........................ 70
ياشارمەن ........................ 72
دېكابىر خاتىرىسى ........................ 74
بەدەل ........................ 77
ئەلۋىدا، ئۆتمۈشۈم ........................ 78
يېڭى سۆيگىنىمگە ........................ 80
شائىرنىڭ شەھىرى ........................ 82
شېئىر مەيلى سانالسا سۈكۈت ........................ 84
تەنھالىق ........................ 86
بەخت مېنى تاشلاپ كەتكەن بىر ئايال ........................ 89
خازان ........................ 90
سەن بېغىمدا تۈنىگەن بىر قۇش ........................ 93

بىلىپ تۇرىمەن ………………………… 94
بويتاق شائىر ، يالغۇز تۇمۇچۇق ………………… 96
كېتىپ قاپسەن سەھەردە ……………………… 98
سايرام كۆلى ………………………… 99
گۈل سۆيگۈسى ………………………… 100
يۈرەك يىلتىزى ………………………… 101
ئەقىدە ………………………… 103
سۆيۈش مەنتىقىسى ………………………… 104
ئوت ………………………… 106
……گە ………………………… 108
مۇزىكا ………………………… 109
كورلا قىزىغا ………………………… 111
بەشىنچى سېنتەبىر ………………………… 112
سارغايغان ئەسلىمە ………………………… 114
ئايال ………………………… 116
كۆز تىنۇشى ………………………… 117
چۈش ۋە ئۈمىد ………………………… 118
يوپۇرماقلار ئۇچماقتا پىر - پىر ………………… 120
قىزىل تاكسى ………………………… 121
سۆيگۈ ………………………… 122
پەرىشتىدىن قېچىش ………………………… 124
شېئىر دېگەن ………………………… 126
ھايات ئىشقى ………………………… 128
ئالدىراشچىلىق ………………………… 130
غەزەللەر ………………………… 132
تەخمىسلەر ………………………… 207

# بۇ مېنىڭ بۆشۈكۈم، بۇ مېنىڭ يۇرتۇم

يايپېشىل تېغى يوق ياكى دەرياسى،
ۋەزىندە ئەنبەردۇر ھەربىر گىياھى.
ئويۇلغان تاۋۇزدەك تۇرغان بۇ زېمىن،
تۇپرىقى ئاتەشتۇر پىشىدۇ تۇخۇم،
ھەر باقسام قەلبىمدە سۆيگۈ دەرياسى.

شەرقتە ئىدىقۇت[1] ئويغاق قاراۋۇل،
غەربتە قوشكېزەك شىگۈل[2] ۋە يارغول[3]؛
شىمالدا ئاقباش تاغ، جەنۇب ئېدىر، ساي،
شەرقىي جەنۇبتا ھەيۋەتلىك مۇنار
تۇرىدۇ قەد كېرىپ يىگىتتەك قاۋۇل!

چۆللىرى كۆركىدۇر يۇلغۇن ھەم يانتاق،
زەن سالساڭ ئۇچرىماس بىرەرمۇ بۇلاق.
ياتىدۇ سوزۇلۇپ قۇم بارخانلىرى،
قانداقچە ماڭغانكىن ئەل كارۋانلىرى،
ھەي، تەسقۇ قۇملۇقتا بىر قەدەم ئالماق؟!

---

① ئىدىقۇت — ئىدىقۇت تېغىنى كۆرستىدۇ.
②③ يەر نامى.

ئاستانە[1] بۇ يۇرتقا بۆشۈك مىسالى،
بېزەكلىك[2] نەقىشى سەنئەت تىمسالى.
تەرجىمە قىلىشىپ بۇددا نومىنى،
تاراتقان ئالەمگە شەرەپ - شانىنى،
ئەدىب ۋە تىلشۇناش شۇ سىڭقۇ سەلى[3].

تارىخنى ئوقۇسام قەلبىم سۆيۈنەر،
كەچمىشتە ئەجدادىم ئىزى كۆرۈنەر.
ھېلىمۇ ھاياتتەك ئاپرىنچۇر تېكىن[4]،
بېزەكلىك غارىدا تۇرغاندەك تەمكىن،
بۇ ئۆچمەس رېئاللىق شۇنداق كۆرۈنەر.

يارغولغا سېلىنغان ھەيۋەتلىك قەسىر،
كۆرگەننىڭ ئەقلىنى قىلىدۇ ئەسىر.
شۇ قەدەر ئازادە، رەتلىك رەستىلەر،
سېپىللار نەقىشلىك، بوي سوزغان كۆككە،
قانداقچە پۈتكەندۇ يېشىلمەس بۇ سىر؟

شەرقتىن غەربكە مال ئېلىپ ماڭغان،
كېلىدۇ يىراقتىن ئەنە بىر كارۋان.
كولدۇرما ئۈنلىرى كىرەر قۇلاققا،
بولمىسا قاراپ كۆر چىقىپ راۋاققا،
«سالام!» دەپ شەھەرگە كەپقالدى مېھمان.

يىپەك يول تۈگۈنى ئىدى بۇ شەھەر،
نە شەھەر، كۆك ئارا چاقنىغان قەمەر.

---

① يەر نامى.
② بېزەكلىك مىڭئۆيى.
③④ قوچۇ خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن تىلشۇناس، تەرجىمان ۋە ئەدىبلەر.

بۇ يەردە ئۆزگىچە سەنئەت يارالغان ،
ھەريانغا داڭقى ۋە نامى تارالغان ،
كەڭ جاھان زوقلانغان ئاڭا شۇ قەدەر .

كىشمىشى ، كارىزى ئەلنىڭ غۇرۇرى ،
ياشىغان ئەل ئوغلى شائىر «ئۇيغۇرى» .
جەڭ قىلغان قولىدا قورال ۋە قەلەم ،
ئارزۇيى يوقسۇلغا يوق قىلىش ئەلەم ،
زۆھرەدۇر ئەركىنلىك بولغان تاھىرى......

خەلقىدۇر قەھرىمان ، ئەقىللىق ، ئىشچان ،
تۇپراقنىڭ ئاستىدىن كارىزلار چاپقان .
تەر بىلەن كۆكەرگەن چۆل - ئېدىر ، قۇملۇق ،
سۆزۈمگە گۇۋاھتۇر چاتقال[1]ھەم بۇيلۇق[2] ،
بىلەككە تايىنىپ يېڭىشلەر تاپقان .

خەلقىنىڭ قەلبىدەك ئويغاق دىيار بۇ ،
قۇچىقى خۇددى ئوت قايناق دىيار بۇ .
قانچىلىك گۈركىرەپ چىقسا قۇم بوران ،
قالقاندەك توسىدۇ ئۇنى بەش ئورمان[3] ،
چېلىشتا يېتىلگەن شۇنداق دىيار بۇ......

ئاجايىپ شىپالىق دۆۋە - دۆۋە قۇم ،
قارىسام - قارىسام كېلىدۇ زوقۇم .
كارىزنىڭ سۇلىرى مەن ئۇچۇن شەربەت ،
ساقلايمەن بىر ئۆمۈر ئاڭا مۇھەببەت ،
چۈنكى بۇ مېنىڭكى بۆشۈكۈم ، يۇرتۇم .

1987 - يىل ماي ، تۇرپان

---

①② يەر ناملىرى .
③ قۇملۇقتا بەرپا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى .

# ئۈنتۈپ كېتەي دېدىڭمۇ مېنى

خەتلەر يازدىم ، بەرمىدىڭ جاۋاب ،
كۆزۈم تالدى يولۇڭغا قاراپ .
ئۇنتۇپ كېتەي دېدىڭمىكىن تاڭ ،
يۈرىكىمگە سېلىپ دەرد - ئازاب ؟ !

خەت كېلىدۇ ، دېدىمەن بۈگۈن ،
ئۇڭ قاپىقىم تارتقان چېغىدا .
كاچاتلىدى لېكىن رېئاللىق ،
قەلبىم كۆيدى ھىجران ئوتىدا .

شۇ تەقلىدتە ئۆتتى كۈنلىرىم ،
ئۈمىدىمنى ئۈزەلمەي سەندىن .
نېمە ئانچە قىينايسەن مېنى ،
كۆڭلۈڭ قالغان ئىدىمۇ مەندىن ؟ !

خەۋىرىڭ يوق ياكى ئۆزۈڭ يوق ،
سېغىندىمەن ، سېغىندىم سېنى .
پاك سۆيگۈنى ئۈزۈپ تەڭ يولدا ،
ئۇنتۇپ كېتەي دېدىڭمۇ مېنى ؟ !

1987 - يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# هايات

كونا يولدا كېتىپ بارىمەن ،
ئېيتقىنىمچە كونا ناخشىنى .
كۆپ ئىزدىدىم ، قالدىم تاپالماي ،
مەن ئۆزۈمنىڭ شېرىن چۈشىنى .

ئارزۇلىرىم كۆچمە قۇم بولۇپ ،
بورانلاردا يوقالدى قايان ؟
ئازابلارغا تولدى يۈرىكىم ،
چۈشلىرىمنىڭ چىرايى سامان .

كونا يولدا كېتىپ بارىمەن ،
ئېيتىپ يەنە شۇ بىر ناخشىنى .
ئۆتەرمەنمۇ تاپالماي شۇنداق ،
ئاھ ! ئۆزۈمنىڭ شېرىن چۈشىنى ؟ !

1989 - يىل يانۋار ، تۇرپان

# شۇندىن بېرى

(مۇختەر مەخسۇتقا تەقلىد)

شۇندىن بېرى
شادلىق مەندىن قاچتى يىراققا.
قۇرۇمىدى كىرپىكىمدە ياش،
ئەسىر بولدۇم بىر دەرد - پىراققا.

شۇندىن بېرى
مەھەللەڭگە بېرىش — ئادىتىم.
كۆرەلمىسەم جامالىڭنى گەر،
دىلدا قالماس سەۋر - تاقىتىم.

شۇندىن بېرى
مەن كېچىدە ئۇيقۇدىن بىدار.
گاھ كۆرۈنەر كۆزلىرىمگە ئۇز،
ئاپپاق كېپەن، سىرتماق بىلەن دار.

1989 - يىل مارت، ئۈرۈمچى

# ئاھ ھايات، ئاھ سۆيگۈ

(ئىبراھىم نىيازنىڭ «ئاھ، گىتار» ناملىق شېئىرى ئىزىدىن)

گىتار چېلىپ ئولتۇرىدۇ بىر يىگىت،
مۇڭلىرىدا ئەللەي ئېتىپ ئالەمنى.
كۆزلىرىدىن تاراملىغان ياشلىرى،
ئويغا سالار كۆرگەن ھەربىر ئادەمنى.

گىتار چېلىپ ئولتۇرىدۇ بىر يىگىت،
يىراقتىكى دېرىزىگە تەلپۈنۈپ.
بۇ سىرلاردىن بىخەۋەر قىز ياتىدۇ،
شۇ دەم ئۆيدە ئۆزگە ھېسقا بۆلۈنۈپ.

باشقا ئۆينىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە،
بىر قىز قەلبى يىگىت تامان تەلمۈرەر.
تاردىن كەلگەن ئوتلۇق كۈيلەر شۇ تاپتا،
قىزنى دوزاخ ئوتلىرىدا كۆيدۈرەر.

ئاشۇ قىزنىڭ سۆيگۈسىدىن خەۋەرسىز،
گىتار چېلىپ ئولتۇرىدۇ بىر يىگىت.
ھايات قىزىق، سۆيگۈ شۇنداق رەھىمسىز،
مۇرادىغا كىملەر يېتەر ئاھ، ئىسىت؟!

1989 - يىل ئاپرېل، تۇرپان

# گۈل تەقدىرى

سىرىنگۈلنى ئۆزۈپتۇ بىركىم ،
يەر ئۈستىدە ياتىدۇ سولۇپ .
بەرگىدىكى زۇمرەت قەترىلەر ،
چاقنار خۇددى ياشلىرى بولۇپ .

ئۇ باھارنى كۈتسە زارىقىپ ،
ئۆگەيلىگەن قىسمەت نەئۈچۈن ؟
ئۇنىڭسىز باغ كۆرگەن كىشىگە ،
تۇيۇلماسمۇ غەيرىي ۋە يوچۇن ؟

سىرىنگۈلنى ئۆزۈپتۇ بىركىم ،
لېكىن ، قىسماي قاپتۇ قولاقا .
گۈل تەقدىرى گۈل ئۆزگۈچىگە
كەلسە قانداق چىدار پىراققا ؟ !

1989 - يىل ماي ، تۇرپان



# خىيالچان گۈگۈم

## 1

سوغ نىگاھىڭ باياۋىنىدا ،
قاتتى مۇزدەك مېنىڭ ئەقىدەم .
كۆزلىرىمدىن تۆكۈپ ئاچچىق ياش ،
قارىچۇقۇڭغا ئىپسىلدىم شۇدەم .

ھىجرانىڭغا قويغىنىمچە باش ،
ئۇپۇقۇڭدىن ئۆچتۇم ، پەرىشتەم .
زەررىچە نۇر چاچمىدى قۇياش ،
ئۇۋا سالدى قەلبىمگە ئەلەم .

## 2

بىرگە تونۇش يوللارغا كەلسەم ،
ماڭالمىدىم تۇزۇك تەمتىرەپ .
قىلىپ گويا مېنى مەسخىرە ،
يۈزۈمگە قان چىقتى تەپچىرەپ .

قىزىلگۈلدەك ھويلاڭغا ئۇنسەم ،
پۇرارسەنمۇ مەست بولۇپ بىلمەي ؟

نىدالىرىم ئۈيقۇڭنى بۇزسا ،
يۇرۇۋەردىڭ پەقەت ئۈندىمەي .

3

ئۆتتى كۈنلەر ، ئۆتتى پەسىللەر ،
چېچەكىستان بولۇشتى باغلار .
شۇ قاتاردا ئەسلىدىم سېنى ،
نېچۈن سالغان قەلبىمگە داغلار ؟

ياشلىرىنى يېشىل گىياھىنىڭ ،
تاپالمىدىم ئىزدەپ سەھەردە .
قانداق ھالەت يۈز بېرەر شۇ چاغ ،
بىز كۆرۈشۈپ قالساق ئەگەردە ؟ !

4

بىر چاغلاردا سەن ئېيتقان ناخشا ،
ئارامىمنى بۇزىدۇ مېنىڭ .
ئۇنتالمىدىم پەقەتلا - پەقەت ،
ئالۋۇنىڭغا يەم بولۇپ سېنىڭ .

ساھىللاردا يۈردۈم ئاھ ئۇرۇپ ،
مەن دەرياغا تۆكۈپ سىرىمنى .
شاۋقۇن سالدى دەريامۇ بىردىن ،
كۆرۈپ مەندەك كۆڭلى يېرىمنى .

5

مەھەللەڭگە بارىمەن ھەركۈن ،
قۇياش ئۇخلاپ چۈشكەندە گۇگۇم .

باغلىرىڭغا كىرىپ تىۋىشسىز ،
گۈللىرىڭنى كېلىدۇ ئۈزگۈم .

چىقماس بولدۇڭ چېلەك كۆتۈرۈپ ،
يىغلار سېنى سېغىنىپ بۇلاق .
ئەڭ ئاداققى ئۈمىدنى كۈيلەپ ،
تومۇزغىلار چېكىدۇ پىراق .

## 6

پىراقىڭنىڭ سۇبھىلىرىدە ،
چاچلىرىڭنى ئەسلەتتى سەلكىن .
قاچانغىچە ئازابلار مېنى ،
«ئايرىلايلى !» دېگىنىڭ كەسكىن .

شاراب ئىچتىم ، كەيپمۇ بولدۇم ،
لېكىن ، كۆڭلۈم تاپمىدى تەسكىن .
ئىچ ئاغرىتىپ قالارسەنمۇ تاڭ ،
كۆزلىرىڭگە كۆرۈنسەم مىسكىن ؟ !

## 7

ئۈۋۋا ياساپ قارلىغاچلارغا ،
تەبىئەتتىن تىلىسەم باھار .
ئۇچۇپ كەلدى قاغىلار ، بىۋاق
ئۈمىدلىرىم جان بەردى بىكار .

دىدار ئىزدەپ ھەيدىسەم قېيىق ،
تەلۋە دولقۇن سالدى كۆپ دىشۋار .
توسقۇن بولماس ئىدى تەقدىرمۇ ،
كەلسەڭ كۈلۈپ يېنىمغا نىگار !

## 8

خىيالىمدا سۈرەتكە ئېلىپ ،
يۈردۈم سېنىڭ قىلىقلىرىڭنى .
ئاچ كۆزلۈكۈم ئاشتى ۋىسالغا ،
چۈشۈم قۇچسا تىنىقلىرىڭنى .

بىلگىنىمدە تەبەسسۇمىڭدىن ،
تا ئەبەدىي مەھرۇملۇقۇمنى .
يوقالغانغا ئەيلىدىم قىياس ،
بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقۇمنى .

## 9

سېغىنىشنىڭ چۆلىگە دائىم ،
بۇلۇتلىرىم ياش تۆكەر ئۈنسىز .
ئازابلىرىڭ ئەيلىسە تۇتقۇن ،
بىلمەسكە سەپ يۈرسەن غەمسىز .

كېچىلەرنى تىترەتكەن ناخشام ،
ھالسىز باغاش ئەتكەندە سېنى ،
سۈكۈتلىرىڭ داۋالغۇپ بىردەم ،
ئەسكە ئېلىپ قويامسەن مېنى ؟ !

## 10

قۇرۇپ كەتكەن غۇنچىنى كۆرسەم ،
دىلنى چۇلغار ھىجرانىڭ سېنىڭ .

بۇلبۇل كەبى ئىزھار ئەيلىسەم ،
تۇگىمەيدۇ پىغانىم مېنىڭ .

قىسمىتىمگە ئۆكۈنسەم ھەربىر ،
قامالليدىم قارا چېچىمنى .
تۇمار قىلىپ ئېسىۋالغىن يار ،
گۇگۇمدىكى ئۆكسۈشلىرىمنى……

1989 - يىل ئىيۇن ، تۇرپان



## يوللار

ناخشا ئېيتىپ كېلىمەن غەمكىن ،
يۇلتۇز كۆلگەن تۈننىڭ قوينىدا .
مىسرالىرىم قالدى ئېسىلىپ ،
مارجان بولۇپ يانتاق بويىدا .

يۇلتۇز كۆلگەن تۈننىڭ قوينىدا ،
ئۇچرىمىدى بىرەرمۇ سىرداش .
يول چېتىدە غېرىب قەبرىلەر ،
«خوش !» دەپ قالدى ئانامغا ئوخشاش .

ئۇچرىمىدى بىرەرمۇ سىرداش ،
ئۆز - ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال .
بۇ يول مېنى ئەپ بارار قايان ،
نەلەردە ئۇ مەن كۈتكەن ۋىسال ؟ !

ئۆز - ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال ،
مەنىسىز ، دەپ نېچۈن بۇ ئاخشام .
سوئاللىرىم قالدى جاۋابسىز ،
كۆلۈپ تۇرغان يۇلتۇزغا باقسام .

1989 - يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# ئۇدۇم بولۇپ

ئۆتمۈشۈمنى سېغىنىپ بۈگۈن ،
كەچمىشلەرگە تاشلىسام نىگاھ ،
قەدەمدە بىر يىقىلىپ - قوپۇپ ،
كېلەر ئاستا بىر يارقىن سىيما .

كۆردۈمغۇ مەن ئەسلىمنى ، دېدىم ،
كۆز ئالدىمدا تۇرار بىر سەبىي .
ھەيرانلىقىم قىلىپ نامايش ،
چۇقان سالدى بىردىن ئەسەبىي .

مېنى بىر چاغ ئازدۇرغان يوللار ،
ئاھ ، ئوغلۇمغا بەرمەپتۇ ساۋاق .
تەشۋىشلەردىن كەشتىلەر تىكىپ ،
تۇرۇپ قالدىم ئۇزاقتىن - ئۇزاق .

تاپالماسمەن كۈتكەنلىرىمنى ،
قالار ئاخىر بۇ يولدا قەبرەم .
ئۇدۇم بولۇپ كەلگۈسى يەنە ،
بو يوللاردىن ماڭارمۇ نەۋرەم ؟ !

1989 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# ئابىدىلەر

## 1

كۆزلىرىڭدە تۇنگەن كېچە ،
نۇرلۇق تاڭنى كۈتەمدۇ يەنە ؟
بوسۇغاڭدا ئاينى ئۇزاتسام ،
ئاچچىقىڭدا قىلامسەن تەنە ؟ !

قانلىرىنى چاچراتقان قۇياش ،
گۈل بېغىڭغا قالدى كىرەلمەي .
ھەر ئازدۇرسا ئالۋۇنىڭ مېنى ،
نە قىلىشنى قالدىم بىلەلمەي .

بىر سېنى دەپ توقۇسام قوشاق ،
تۈيۈلماسمۇ ئۆزگىگە يوچۇن ؟
ۋىسال ، دەيمەن تىكلەپ ئابىدە ،
ئەڭ ئاداققى ئىشەنچىم ئۈچۈن .

## 2

باغقا كىرىپ گۈلنىڭ تۈۋىدە ،
تېڭىرقىدىم تۇردۇم بىر ھازا .

گۈل ھۆسنىدە يوقتۇر جامالىڭ ،
بۇمۇ ماڭا بولدى بىر جازا .

ئىككىمىزنى باغرىغا تارتىپ ،
قەلبىمىزنى سۆزلەتكەن چىملىق .
گۆرىستاندىن ئاپتۇ ئەندىزە ،
ئەمدى غالىب چېكى يوق جىملىق .

3

كۆلمەپتۇ ئاي ئاسماندا بۇ كەچ ،
يۇلتۇزلارنى قىسىپ قۇلاققا .
ھىجرانىڭدا توۋلىغان ناخشام ،
شامال بىلەن كەتتى يىراققا .

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇم نەچچە رەت ،
سۆيگۈلەرنى قولىدىن سۆرەپ .
بويناقلىرىڭ بۇزدى كەيپىمنى ،
تۇن ئۇيقۇسىن قاچماقتا ھەدەپ .

تىترەر جىسمىم قومۇش مىسالى ،
كۆلكىلىرىم يىگەندە كاچات .
قاچانغىچە ئوتۇڭغا سېلىپ ،
ئازابلارنى قىلىسەن سوۋغات ؟ !

4

بىزگە سىرداش قەدىمىي بۇلاق ،
ئەمدى كەلسەم قاپتۇ چۆلدەرەپ .
نىگاھىڭغا تېۋىنىدىم شۇدەم ،
كەچمىشتىكى ھېسلىرىم تەۋرەپ .

ئىزىمىزنى كۆمگەن خازانلار ،
كىملەردىندۇر قىلار شىكايەت .
يېشىل چۇشنى ئېسىگە ئېلىپ ،
قېرى ئۇجمە سۆزلەر رىۋايەت .

سېنى يەنە كېلىپ قالار ، دەپ ،
يوللىرىڭغا قارىدىم ئۇزاق .
ئۇچۇپ كەلدى بىر توپ قاغىلار ،
ئەقىدەمنى قىلغاندەك مازاق .

5

باغاشلىغان ئاسماننى تۇمان ،
كاچكۇللارغا چۇشمەس كۈن نۇرى .
يىپەك تونىنى تاشلىغان ئورمان ،
قىسمىتىمنىڭ بولۇپ تەسۋىرى .

جامالىغا چېچەكلىك باغنى ،
كۆچۇرگەنچە ياتىدۇ قىشلاق .
قۇچىقىدا قىينايدۇ مېنى ،
سەن سۆزلىگەن سىرلىق تېپىشماق .

شۇ يوسۇندا زەنجىرلەر ياساپ ،
ئۆتۈۋەردى كۈنلەر كارۋىنى .
قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ شەيتان ،
تەزدۇردىمۇ مېنىڭدىن سېنى ؟

6

بۆشۇكىدە زەڭگەر شەپەقنىڭ ،
شۇنچە لەرزان ئاقىدۇ دەريا .

چاقىرغاندەك تونۇش ساھىللار ،
سېنى ئىزدەپ چىقىمەن ئاستا .

سەن كەلمىگەچ باھاردەك كۈلۈپ ،
ئۆكۈنىمەن قەلبىمدىن شۇڭا .
بىلىنجانلار يېشىنى تۆكەر ،
جور بولغاندەك شۇ چاغدا ماڭا .

تەنھالىقنى مەڭگۇ مۇشۇنداق ،
مېنىڭ ئۈچۈن كۆرەمسەن راۋا ؟
ياكى ۋاپا بابىدا سېنىڭ ،
چىققانمىدى ساۋاتىڭ چالا ؟

## 7

چوڭقۇرلاردا ھالسىرىغان تۈن ،
ئەسكە سالدى قارا كۆزۈڭنى .
دىدار دەملەر يادىمغا يېتىپ ،
ئايغا قىياس قىلدىم يۈزۈڭنى .

ئىزىتقۇدەك جامالىڭ سۆرەپ ،
ئىزدەپ ماڭدىم مەن سېنى دىلبەر .
قېرى سۆگەت بولدى سىرداشىم ،
مۇڭ بولۇشتۇق سۈبھىگە قەدەر .

ئۈمىدىمنىڭ كۆكىدىن شۇئان ،
ئېقىپ چۈشتى بىر نۇرلۇق ئەختەر .
مەۋجۇتلۇقتىن يوقىلايچۇ ، دەپ ،
ئۇرماق بولدۇم يۈرەككە خەنجەر .

## 8

ئىشقىمىزنى تۇغقان چىغىر يول ،
تۇيۇلارمۇ بۇگۇن بىزگە يات ؟
يار ئىككىمىز ياسىغان قانات ،
ۋاقىتسىزلا بولۇرمۇ بەربات ؟

بەرگەنىمىدۇ سۇكۇتكە چىداش ،
سىرىمىزدىن خەۋەردار شىۋاق ؟
نەچچە ئايلار تاپالماي دىدار ،
ۋەسلىمىزدە چەككەندۇ پىراق .

يۈرىكىڭنى قەپەسكە سېلىپ ،
بەرمىگەنسەن نېمىشقا ئەرك .
يا ھەممىدىن كېچىپ بىر يولى ،
بۇ سۆيگۈنى ئەتتىڭمۇ تەرك ؟

## 9

قۇياش چىقسا ھەر كۈنى سەھەر ،
ئاھ ! لېۋىڭدەك بىردىن قىزىرىپ .
ئەسرا بولغان ئاشۇ مىنۇتلار ،
كۆز ئالدىمدىن ئۆتەر تىزىلىپ .

قەيەرلەردە يۈرەر ئىكەن تالڭ ،
نامىڭ يادلاپ بىچارە شامال ؟
ئىدرىكىمنى سەن ئېيتقان ئاھاڭ ،
قىلىۋالار توختىماي قامال .

ئاچچىق قوشاق توقۇدۇم نىگار ،
سېنى ئەسلەپ يىغلاڭغۇ ئۈندە .
ئاي ھۆسنۈڭنى يوشۇردۇڭ نېچۈن ،
مۆككەندەك ئاي بۇلۇتلۇق تۈندە ؟

## 10

ئورمانلىقتا قۇرۇغان ئېسىم ،
يۈز بەرمىسە ئەگەردە تەكرار ،
چالغىنىمچە قومۇش نېيىمنى ،
يۈرىكىمنى قىلىمەن ئىزھار !

پىراقىڭدىن قىينىلىپ شۇدەم ،
ئايغا قاراپ يىغلىسام زار - زار .
يوللىرىڭنى ئۇسسۇلغا سېلىپ ،
كۈلۈمسىرەپ كېلەمسەن دىلدار ؟

ۋىسالىڭغا كىملەرنى شېرىك
قىلماقلىقنى قىلدىڭ ئىختىيار ؟
نائىل بولسام ئاشۇ شەرەپكە ،
بولار ئىدىم چەكسىز بەختىيار……

1989 - يىل نويابىر - دېكابىر ، تۇرپان



# ئاخىرقى مەكتۇپ

خەير - خوش ، ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن ،
ئەسلىمە بولۇپ قالدى سۆيگەنلىرىم .
گاھىدا تېڭىرقاشتىن شۇنداق دەيمەن ،
چۈشىمىكىن نېتەي مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ؟

خەير - خوش ، ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن ،
قاچانلار بولغانىدى ئاشۇ سۆيۈش ؟
ئاچچىقنى ئەسلا تاتلىق دېيەلمەيمەن ،
ھېچ نېسىپ بولمىغاچقا ماڭا كۈلۈش .

خەير - خوش ، ئەمدى سېنى سۆيەلمەيمەن ،
سۆيگۈمنى ئۆتمۈشۈڭگە قىلغىن ھېساب .
كۆزۈمدە ياش قۇرۇماس ، كۈلەلمەيمەن ،
بىھۇدە ئەسلەپ سەنمۇ چەكمە ئازاب !

1990 - يىل مارت ، تۇرپان



# تۇنجى قار ۋە تۇنجى يار

## 1

بۇ يىل قىشتا خاسىيەتلىك تۇيۇلار ھەممە ،
ئەنە شۇنداق پەيتتە ياغدى قۇتلۇق تۇنجى قار .
ھەر پەسلىنىڭ قىزىقى بار ، يارىشىقى بار ،
ئويلىماپتىم ، قارلىق تاشلاپ كەلدى گۈل نىگار .

ئىشىكىمنى چەكتى بىرى ، «ھە ، كىرىڭ» دېدىم ،
كۆزلىرىمگە ئىشەنمىدىم ئۇنى كۆرگەندە .
دېدى : «تۇتۇڭ قارلىق ، سىزنى بېسۋالمىسۇن ،
مېنى چوقۇم دوستلار بىلەن قىلىڭ خۇرسەندە !»

كېتىپ قالدى ، مەنمۇ شۇئان كەينىدىن چاپتىم ،
تۇتۇۋالدىم تال تۇۋىگە بېرىپ يەتكەندە .
«سىز ئۇتتىڭىز» دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ ، قىزاردى ،
چوغدەك قىزىق لەۋلىرىگە بىرنى سۆيگەندە .

## 2

تاغ - داللار ئاق چېچەكتىن تونقاندا جىيەك ،
تېۋىنىشلار بىر ھەۋەسنى دىللارغا سالدى .

چىقتۇق جىنىم بىز سەيلىگە تېپىشىپ پۇرسەت ،
خىلۋەت ئورمان «مەرھابا !» دەپ قوينىغا ئالدى .

چىغىر يولغا بۇرۇلغاندا ياشلىق كۈچىدىن
بىر ئۇچۇم قار ئاتتىم ساڭا بولسۇن ئويۇن دەپ .
گۈلدەك چېھرىڭ تۇتۇلدى ئاھ ! لال بولدۇم بىردىن ،
قىلالمىدىم بىر قوۋۇز گەپ لەۋلىرىم تىترەپ .

ئىسسىت ، ئىسسىت ، بىلمەي قالدىڭ ، بىلگۈڭ يوقمىدى ؟
بىلسەڭ ساڭا ئاتقىنىم ئوت ، يۈرەكتىكى ئوت .
كەچۈر ، ئازدىم ، ئازدىم بىر رەت خالىمىساڭ گەر ،
شوخلۇق قىلماي تۇرار ئىدىم بولۇپ خۇددى بۇت .

3

تۈنۈگۈن كەچ مەن ئىسمىڭنى يازغانتىم قارغا ،
قاماشتۇرسۇن كۆزۈمنى ، دەپ چىققاندا قۇياش .
كۆردۈم ، لېكىن ، ئىستىكىمنىڭ تەتۈرىنى مەن ،
چانقىمىغا ياشلار كەلدى كەلكۈنگە ئوخشاش .

يۈزلىرىمنى سۆيۈپ ئۆتتى ئاچچىق شىۋىرغان ،
ئاشۇ قارنىڭ توزاندەك ئويلىرىم چېچىق .
دېرىزەمدە كەچكى شەپەق تالىشىدۇ جان ،
كەلمىشتىكى ئازابلارغا بولغاندەك ئېچىق .

مەن بىلمىدىم ، يەنە يۇمشاق كېلەمسەن دەسسەپ ،
سۇ ئالغىلى سەھەر ، كەچتە بۇلاق تۇۋىگە .
سۇزۇك سۇنىڭ شىلدىرىغا سالامسەن قۇلاق ،
زەن سالغاندەك بىر چاغلاردا قەلبىم كۈيىگە ؟ !

## 4

كەچمىشتىكى قاردىن بوۋاي ياسىغان دەملەر ،
تىرىلدۈرەر ئەسلىرىمنى ياغسا تۇنجى قار .
غەم ـ قايغۇدىن خالىي ئىدۇق ئۇ چاغدا بىزلەر ،
قەلبىمىزمۇ ئاپپاق قاردەك شۇنچە بىغۇبار .

ئۆتتى يىللار ، بالىلىقنى يىتتۈرۈپ قويدۇق ،
مانا ئەمدى قىيغىتىشلار بولدى بىزگە يات .
ئايازدىكى كۆك مۇز بولۇپ قاتتىق ئامرىقىم ،
ئېرىتەي ، دەپ كۆپ ئۇرۇندۇم ، نەتىجەم بەربات .

«سۆيۈش شېرىن ، ئۇنتۇش قىيىن» ، ئۇنتالمىدىم ئاھ ،
سەن ئەمەسمۇ ياشلىقىمدا سۆيگەن تۇنجى يار .
تۇگىمەس بىر ئازاب كېلىپ قۇچاقلار مېنى ،
ياغسا شۇنداق ھەربىر يىلدا قۇتلۇق تۇنجى قار .

1990 ـ يىل ئاپرېل ، تۇرپان



# ئايلار تەزكىرىسى

تاسادىپىي قالدۇق تونۇشۇپ ،
يانۋار ئىدى ئاشۇ قۇتلۇق ئاي .
فېۋرال قىلدۇق يىراققا سەپەر ،
مارتتا مۇڭغا تولدى خىلۋەت جاي .

ئاپرېل ئېيتتۇق سۆيگۈ ناخشىسى ،
لەۋلىرىمىز جۇپلەشتى مايدا .
ئىيۇن بولۇپ خۇددى ئېزىتقۇ ،
ئىيۇل ئاقتى يېشىمىز سايدا .

ئاۋغۇست ئاۋۇپ يارەنلىرىمىز ،
ۋىسال قۇچتۇق گۈزەل سېنتەبىر .
ئۆتۈپ كەتتى شېرىن چۈش مىسال ،
بىلىنمەيلا يەنە ئۆكتەبىر .

ئەپسۇس ، دېدىم ، مىڭ ئەپسۇس ، دېدىم ،
ئايرىۋەتتى بىزنى نويابىر .
زەھەر ئىچتىم ئەقىدەم ئۈچۈن ،
هايات تامام بولدى دېكابىر……

1990 - يىل ئاپرېل ، تۇرپان

# ئۈزۈلمەس ناخشىلار

## 1

سېنى ئەسلەپ ئولتۇرغاندا كۆلنىڭ بويىدا ،
ئۇچۇپ كەلدى بىر توپ تۇرنا قېقىپ قانات - پەر .
ئېھ ، كۆزلىرىم تالدى سېنىڭ يولۇڭغا قاراپ ،
ئاق قۇ كەبى سەكرەپ — ئويناپ چىقمامسەن دىلبەر !

ئۈنلىمەيدۇ بۈگۈن سەھەر دەمدىرىم نېچۈن ،
ئادىتىچە سۆيلەپ مەندىن يېڭى بىر قوشاق .
تىترەپ كەتتى بېغىم ئىچرە چېچەكلەر بىردىن ،
جامالىنى كۆرسەتتىمۇ بىلمىدىم پىراق ؟ !

ئۇۋا سالدى يۈرىكىمگە ئاچچىق خورسىنىش ،
يۈزلىرىمنى سۆيگىنىدە باھار سەلكىنى .
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى بىلەن باقمەن ساڭا ،
چۈشلىرىڭگە كىرىپ قالسام قوغلىما مېنى !

## 2

ئىستىرېئولۇق مۇڭغا پاتسا قەدىمىي ئورمان ،
ۋىچىرلىشىپ ناخشا ئېيتار قۇشلار بىر مەھەل .

گىياھلارنىڭ لەۋلىرىدە سۈپسۈزۈك شەبنەم ،
كۆرۈندۈ كۈن نۇرىدا باسقاندەك لەئەل .

كەچمىشتىكى تاش ئورۇندۇق قاپتۇ يېتىرقاپ ،
كۈتۈۋېرىپ قايتقانمىكىن بىزلەردىن رايى ؟
مەن دەرەخكە ئويغان ئىسمىڭ تۇرۇپتۇ چاقناپ ،
بىر چاغدىكى سۆيگۈمىزنىڭ بولۇپ گۇۋاھى .

مەۋجۇتلۇقنى خىيالىمدىن تاشلاپ يىراققا ،
تۇرۇپ قالدىم يۈرىكىمنى سۈكۈتكە بۆلەپ .
ئاھ ، قوزغىلىپ قالدى مېنىڭ شۇ كونا يارام ،
كۆپ تېۋىندىم ئۇپۇقۇڭغا ئەكسىڭنى تىلەپ .

3

قارلىغاچلار كېتىپ قالدى ، كەتتى قاياققا ؟
يوپۇرماقلار يەر ئۈستىگە چۈشكەندە تىترەپ .
دەريا ئۇنتۇپ قالغان چېغى كونا كۈيىنى ،
بېلىقلارمۇ سۇ يۈزىگە چىقمىدى سەكرەپ .

كىرەلمىدى قۇياش نۇرى خانەمگە ئۇدۇل ،
ياتقىنىمدا تۆشىكىمدە ۋىسالىڭ چۈشەپ .
ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالدى تاغدەك سۈكۈنات ،
مەھەللەڭگە ماڭغىنىمدا سېنى دېرەكلەپ .

توختىماستىن ئازدۇرىدۇ يارقىن سېمايىڭ ،
نەچچە ئايلار ئازابلايدۇ ئېزىنشىم بىر رەت .
توۋا ، دەيمەن ھەيرانلىقىم قىلىپ نامايىش ،
ياش تۆكىمەن قىسمەت شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ ، دەپ .

## 4

سېخىيلىقى تۈتۈپ كۆكنىڭ ئاق چېچەك تۆككەن ،
شۇ بىر يىلى بىز سەيلىدە بولغانتۇق جېنىم .
لەۋلىرىڭنى باسقىنىمدا لېۋىمگە ئاستا ،
باغلاقتىكى قوزىچاقتەك تىترىگەن تېنىم .

كۆزلىرىمىز سىرىمىزنى قىلغاندا ئىزهار ،
كۆلگەندۇق شوخلۇق بىلەن قارلار ئېتىشىپ .
بۈگۈن بىزنى شۇ تۈيغۇغا چاقىرسا باغلار ،
سەيلىلەردە بولالمىدۇق دىدار تېپىشىپ .

سېغىنىشنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ پۈتۈن ،
ئايرىلماسقا قول تۇتۇشۇپ يۈرىمىز قاچان ؟
بۇ سوئاللار ئارام بەرمەس ماڭا تىنىمسىز ،
يا قالارمۇ ئارمانلىرىم بولۇپلا ئارمان ؟

1990 - يىل ماي - ئىيۇن ، تۇرپان



# بۈگۈن

بەلكىم
مۈشۈ ئۆزۈن رەستىدە ،
سوقۇۋېتىپ بىراۋنى قاتتىق ،
كېتىپ قالسام ئەپۇ سورىماي ،
يۈرەرمەنمۇ بولۇپ كۆڭلۈم غەش ؟
ئىشخانىدا ئولتۇرغىنىمدا ،
ئايالىمدىن كەلسە تېلېفون ،
ئۆزاققىچە تۇرۇپ قالارمەن ،
ئاۋازىدىن پەقەت تونۇماي .

بەلكىم
بىر كىملەرنى كۈلدۈرۈپ راسا ،
قاقشىتارمەن تېخى بىر كىمنى .
نېمىلەردىن شادلىقىم ئاۋۇپ ،
نېمىلەردىن بولارمەن بىزار ؟
تاسادىپىي كەلسە يارەنلەر ،
تېلېۋىزورمۇ كۆرەلمەي كەچتە ،
يۈرەكلەرنى چىلارمىز مەيگە .

بەلكىم
تۆگەپ رىزىق - نېسىۋەم ،
قىلارمەنمۇ باقىيغا سەپەر ؟

جان ھەلقۇمغا كەلگەن دەقىقە ،
يىغلارمەنمۇ كۆزدىن تۆكۈپ ياش ؟
بەلكىم……

1991 - يىل ئاۋغۇست ، تۇرپان

# قىيالماسلىق

سېنىڭ بىلەن قوچاقلىشمەن ،
خالىمايمۇ كۈندە نەچچە رەت .
تويۇلىسەن گاھى سۆيۈملۈك ،
كۆرۈنىسەن گاھى بەكمۇ سەت .

قۇرداشلىقنى قىسمەتلىرىمگە ،
بىر مۇقەددەس ئىمان بىلىسەن .
چۆرۈۋېتەي دېسەم يىراققا ،
يۈرىكىمنى ئېزىپ كېلىسەن .

تېڭىرقايمەن سېنى ئويلىسام ،
مەن دېڭىزدا ئۈزگەن مەست كېمە .
توۋا دەيمەن يارنى سۆيگەندەك ،
سۆيۈپ قالدىم سېنى جىممىدە .

1992 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# بىر ناخشا بار بىز تېخى ئېيتالمىغان

مەھەللە چېتىدىكى بىر ئۆي كېچمدە ،
كۆرسىتەر پەرىشتىدەك بىر گۈزەل ناز .
ئۈچىدۇ شۇ تامانغا دېرىزىگە ،
نىگاھىم ، سەزگۈلىرىم قىلىپ پەرۋاز .

روھىمنى غاجار گويا يوغان قۇرت ،
ئۇپۇشىم ، تېۋىنىشىم يېسە كاچات .
جامالى ، ۋىسالىدۇر دىلدا دۇرۇت ،
شۇ قىزنىڭ ، ئازاب بىلەن ئۆتەر ھايات .

پاك ھېسلار بولغىنىدا ئاھ ! رەسىدە ،
تەنلەرنىڭ ئېرىشىنى كىم دەر يالغان؟
قەلبلەر غارلىرىدا چىقار تۈنەپ ،
بىر ناخشا بار بىز تېخى ئېيتالمىغان……

1993 - يىل فېۋرال ، پىچان

# تۇرمۇش

تۇرمۇش — قۇدۇق ئىچرە تۇرغان سۇ ،
قاندۇرالماس ئۇسسۇزلۇقۇمنى .
شۇڭا ئالداپ سەتەڭ ئەتلەر ،
نۇرلاندۇرار پۇلسىزلىقىمنى .

ئىشكىنى چېكىپ ئۇمىدنىڭ ،
ئالدىم ئىنئام — يەتكۈچە ئازاب .
تاللاپ تۇرۇپ سۆيگەن مەشۇقۇم ،
ئاق تۇرنىدەك كەتتى ئاھ ، ئۇزاپ !

ئېيتقۇم يوق بىر كونا ناخشىنى ،
نە ئۇچۇندۇر كېلىمەن توۋلاپ .
قەبرە تامان سوزۇلغان يوللار ،
قەدىمىمنى تۇرىدۇ ئوۋلاپ .

تۇرمۇش قۇدۇق ئىچرە توختام سۇ ،
كۆزگە يېقىن ، ئوچۇمغا يىراق .
قۇمدەك سانسىز ئۇمىدلىرىمدە ،
باغلاپ ئۆتتۇم ئاڭا ئىشتىياق .

1993 - يىل ئاۋغۇست ، تۇرپان

# رىسالە

ئۆكۈنمىگىن ياش تۆكۈپ قەلبىم ،
تۈگىمدى دەپ خازاندا ھايات .
سۈكۈت ئەمەس دىللارغا باقىي ،
روھ ئۇچرىشار بار ئۇندا قانات .

بالىلىقنىڭ داۋامى چۈشتۇر ،
سۆزلەر ئارا تاپىدۇ تەبىر .
ئوتتەك چاچراپ تۇرغۇلۇق گاھى —
ئاجىزلىقنىڭ مىسالى سەۋر .

تارقىتىدۇ ھەسرەتنى ، غەمنى ،
ۋاڭ - چۇڭلارنى قالىسەن خالاپ .
بولغىنىدا ئىشەنچىڭ كامىل ،
تۇر پىكرىڭدە كەتسەڭمۇ ياداپ .

يىغلىمايدۇ دەردتىنلا ئادەم ،
شادلىقتىنمۇ ياش تۆكەر يۈرەك .
ئۆتكۈنچىدۇر ھەممىسى ئاخىر ،
مەڭگۈلۈك يوق ئازابتىن بۆلەك .

1993 - يىل نويابىر ، تۇرپان

## قىسمەت

كۆلكىلەر قەيەرگە بولغانكىن بەند ،
پەقەتلا ئۆكۈنۈش قىلىدۇ جىلۋە .
تىرناقتا يەر تۇزەپ قويساڭمۇ كۆچەت ،
يېيەلمەي ئۆتىسەن بىر ئۆمۈر مېۋە .

پۇل - مالنى تاغ قىلىپ سەپەرگە چىقساڭ ،
تۇگەيدۇ قاراقچى سالسا بىر غەلۋە .
سايىدەك ھەمراھتۇر بەلكى تەتۈرلۈك ،
قوزا ، دەپ باققىنىڭ بولىدۇ بۆرە .

ئۆكسۈشلەر بىھاجەت ، مانا بۇ قىسمەت ،
قۇت ، شادلىق ئۆتمۈشتىن قالغان ئابىدە .
ئۈمىد — ئۇ ئەتىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ،
ئىشىنىپ - ئىشەنمەي بەلكى نېمە دە !

1994 - يىل ئاپرېل ، تۇرپان

# مېۋە قالار توزۇسا چېچەك

ئاھ! كىم ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ،
كەلدۇق نەدىن، بارىمىز قايان؟
بۇ ھاياتنىڭ سەۋداسى بىلەن،
تەمتىرەيمىز نېمىشقا ھامان؟

ئاھ! كىم ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ،
مېۋە قالار توزۇسا چېچەك.
مۇشۇ دەمدىن قانچىلىك يىراق،
بىز تەلمۈرگەن گۈزەل كېلەچەك؟

ئاھ! كىم ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ،
ئۆز - ئۆزىگە دۈشمەنمۇ ئادەم؟
قوغلىغىنى ۋاقىتمۇ ئۇنىڭ،
يا مۇھەببەت قالدۇقى ئەلەم؟

سوئاللىرىم قۇم كەبى سانسىز،
ھەر سوئالدا ياتار يۈز نېچۈن.
شۇڭا ئەيىب بىلمەڭلار دوستلار،
كۈلەلمىسەم سىلەردەك پۈتۈن......

1994 - يىل ئىيۇن، تۇرپان

## كۆز يامغۇرى

ئازابلار يۈرىكىمگە قويۇلغاندەك ،
توختىماي يەر يۈزىگە قويۇلىسەن .
ئاۋازىڭ ۋۇجۇدۇمنى شۇركۈندۈرەر ،
يىقىمسىز مۇزىكىدەك تۆيۇلىسەن .

كۆزلەردىن ئاققان ھەسرەت يېشى كەبى ،
قىلىسەن لەۋلىرىمنى شۇنچە قىرتاق .
ئوڭ پۇتۇم چۇشتى سەھەر بىر كاتاڭغا ،
چاچرىدى يۈز - كۆزۈمگە لاي ۋە پاتقاق .

نەلەردىن كەلدىڭ بۇيان ئىجازەتسىز ،
ئېيتقىنا ، كىملەر بۇزدى ئۇخلىشىڭنى ؟
بىلدىڭمىكىن خازانلار تىترىگەنچە ،
كۈتمەكتە يېغىۋەرمەي توختىشىڭنى .

1994 - يىل نويابىر ، تۇرپان

# ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن

ئايال
تاتلىق ھېسلىرىنى ئۈچۈرما قىلىپ ،
سىرلىرىنى تۆكەر تۆشەككە .
شىۋىرغان
چېكىسىگە ئاق چېچەك قىسىپ ،
ئېيتىپ يۈرەر تېكىستسىز ناخشا ،
بولار تەڭكەش ئىشىك ، دېرىزە .
كېچە ،
كېچە ،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كېچە ،
قارا مەشۈت يىپلىرى بىلەن
توقۇپ چىقار چەكسىز زېرىكىش .
پەي ياستۇقلار خورسىنىش ئىچرە
شەبنەملەرنى ئالار قوندۇرۇپ .
كۈندۈز
ئۆتۈپ كېتەر خۇددى چېقىندەك ،
ئۈنتۈلدۈرۈپ تەنھالىقنىمۇ .
بىراق يەنە
يىلتىزىغا ئازاب يوشۇرۇپ ،
زېرىكىشلەر قالار سىر بولۇپ .

1995 ـ يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# ئالدىنىش

بەختىڭ ئۈچۈن ئالدىدىڭ مېنى ،
بىلىپ - بىلمەي كۆندۈم مەنمۇ ھەم .
سۆيسەڭ سوۋۇپ تومۇرۇمدا قان ،
خىلۋەتلەردە چەكتىم دەرد - ئەلەم .

بەختىڭنى دەپ ئالدىدىڭ مېنى ،
ھەسرەت بىلەن تولدى يۈرىكىم .
ھايات يولۇم كۆرۈندى تۇمان ،
خازان بولدى ئارزۇ - تىلىكىم .

سەن تۇنجى رەت ئالدىغاچ مېنى ،
ئۇدۇم بولدى ماڭا ئالدىنىش .
ئايىمايتتىم ، بېرەر ئىدىم جان ،
مۇمكىن بولسا ئەگەر پاكلىنىش .

بەختىڭ ئۈچۈن ئالدىدىڭ مېنى ،
ھەققىڭمۇ بار بولۇشقا خۇرسەن .
سەنمۇ بىر كۈن ئالدانساڭ ھامان ،
ئاھ ! قەدرىمگە يېتىسەن جەزمەن .

1995 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# مەستلىك

ساقتەك سۆزلەپ يۈرسەممۇ ، لېكىن ،
مەست بوپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن……

ھايات ئۇزۇن ، يوللىرى كاتاڭ ،
رېئاللىقتىن كەتمىدىم يىراق .
شادلىق ماڭا كۈلۈپ باقمىسا ،
بولدى سادىق ھەمراھىم ئازاب .

گۈللەر ، باھار قوينىدا گۈللەر ،
چاچار ئىپار كەبى خۇش پۇراق .
رەڭ ئالمىغاچ جامالىم گۈلدەك ،
گۈل قوزغايدۇ قەلبىمدە پىراق .

مەيلى بولغىن بىردەملىك سىرداش .
مەست بولغۇچە ئىچەيلى شاراب ،
كاسە ئەمەس ، كوزىدا كەلتۈر !
ئۆزەي ئۇندا بىلىققا ئوخشاش .

قەيەردە سەن شاراب ئىلاھى ؟
مېنى پەقەت شارابلا ئەمەس ،
مەست قىلىدۇ پۈتكۈل ھاياتلىق ،
مەست قىلىدۇ ئارزۇ ۋە ھەۋەس .

بىر مەستلىكتىن قۇتۇلسام تېخى ،
مەست قىلىدۇ پۇل ۋە ئىمتىياز ،
مېنى يەنە ئىلكىگە ئېلىپ ،
مەستلىك قىلار قېنىمدا پەرۋاز .

مەست بولۇپ ھەم ئۆمۈچۈك تورى ،
ۋۇجۇدۇمنى قىلىدۇ قامال .
پانىي دۇنيا مەستلىك دۇنياسى ،
مەست بولماسقا يوق مەندە ئامال .

داۋام قىلار بەلكى مەستلىكىم ،
تا كۆزۈمنى يۇمغانغا قەدەر .
تونۇمىسام سېنى ناۋادا ،
كەچۈر مېنى ، كەچۈر بۇرادەر......

ساقتەك سۆزلەپ يۈرسەممۇ ، لېكىن ،
مەست بوپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن .
ئاھ ! ھەممىنى بىلىدۇ قۇياش ،
ياشىدىممۇ ھاياتتا تەمكىن ؟

1996 ـ يىلى ماي ، تۇرپان

# تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى

(پەرھات جامال خاتىرىسىگە)

تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى ،
ئوخشاش مۇچەل ، يىل ، كۈن ھەمدە ئاي .
شۇ سەۋەبتىن كۆزۈڭگە دوستۇم ،
ئۇچراشقاندا باقىمەن تويماي .

تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى ،
ئوخشاش قىسمەت ياكى ئوخشىماس .
گاھى شۇڭا پىكىرلىرىمىز ،
بىر ۋاقىتتا پەقەت توختىماس .

سەن ئويلايسەن ھاياتنى چۈش ، دەپ ،
مەن ئويلايمەن ياق ، دەپ ئۇ قىمار .
ئالداپ قويىدۇ تۇيغۇلار ، ئۆتتى
ئوتتۇز ئىككى قىش ، ياز ، كۈز ، باھار .

تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى ،
ئازابلاردىن پۈتكەن تېپىشماق .
تولغانساقمۇ ھەسرەتتىن ، يەنە
كۈلۈشنىمۇ بىلمىمىز ئۇماق .

تەقدىر بىزگە نېسىپ قىلغىنى ،
ئوخشاش بولسۇن - بولمىسۇن ئاخىر .
شېئىر باغلاپ ئۆزىگە مەھكەم ،
بوپ قالارمىز دەۋرداش شائىر .

1996 - يىل سېنتەبىر ، چۆچەك

# كۆزنى ئۆتكۈزۈش

ئازابىمنى قالالمىدى يوشۇرۇپ ،
بەزمىدىن مەست ھەشەمەتلىك رېستوران .
كۈلۈش ماڭا بولغاچقىمۇ رەسمىيەت ،
ئالتۇن كۈزنى ئۆتكۈزمىكىم ئىمتىھان .

قورۇملار تاغ ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ،
ياتلار بىلەن ئاش يەيمەن بىر تاۋاقتىن .
ھەسرىتىمنى تۆكتىدۇ شاراب ، دەپ ،
ئىچكەنسېرى قىينىلىمەن پىراقتىن .

ئۆڭۈپ كەتكەن مۇزىكىلار چېھرىدە
بار ئەبجەشلىك تور تاشلىغان رەڭ ـ بوياق .
تارتمىسىمۇ گەرچە ئۇسسۇل مەيلىمنى ،
پىرقىرايمەن قويۇپ ساختا ئىشتىياق .

شۇ يوسۇندا داۋام قىلار مەرىكە ،
قېلىش ئۇيات ، ھەر سورۇننىڭ گۈلىمەن .
كەيپىلىكىم تارقىغاندا تاڭ سەھەر ،
ئاھ ! يەنىلا موھتاجلىقنىڭ قۇلىمەن .

سارغىيىشىم خازان ئەمەس ، ۋەلېكىن ،
دىلدىن تەشۋىش چىقىۋالغان روياپقا .

چىندىن كۈلۈپ يۈرگەنلەرنى كۆرمىدىم ،
باقسام كۈزدە رېستوراندىن ھاياتقا .

1996 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان



# ئۇنتۇلغان ئارال

مەن ئۆزۈمگە چۆكۈپ كەتكەن ئارالمەن ،
ئاھ ! روھىمدىن باشقا ھېچكىم كەلمىگەن .
ئارال بولۇپ يارالسامىمۇ قىسمەتتە ،
پۈرسەت ماڭا دولقۇنلاشنى بەرمىگەن .

بۇرۇقتۇملۇق ئىچرە كونا قەلئەدەك ،
سۈكۈت بىلەن يىراقلارغا باقىمەن .
تومۇردىكى قانغا ئوخشاش كۆرۈنمەي ،
چوڭقۇرۇمدا دېڭىز تامان ئاقىمەن .

ئاق قۇلارغا دوست تارتىدۇ كۈنۈتۈن ،
يۈرىكىمنىڭ ئەركىسى شوخ بېلىقلار .
پەلەك تەتۈر ، كاجمۇ شۇنداق تەلىيىم ،
يولىمايدۇ چۈشۈمگىمۇ قېيىقلار .

يوقلىمىغان ، ئاھ ! روھىمدىن باشقىسى ،
مەن ئۆزۈمگە چۆكۈپ كەتكەن ئارالمەن .
مەڭزىدىكى يېتىمەس قارا خال كەبى ،
ھاياتلىققا تاشلانغان بىر سوئالمەن .

1997 - يىل مارت ، ئۈرۈمچى

## سوئال

تۇن ، سەن قارا مەشۇت يىپلاردىن ،
ناخۇشلۇقتا توقۇلغان چۆچەك .
كەلمەكتىمەن جىملىقىڭ ئىچرە ،
نەۋ باھاردا گۇلباغلار ئارا ،
بولۇپ شاختىن تۆكۈلگەن چېچەك .

كۆكتە خىرە نۇر چاچار يۇلتۇز ،
چىراغلارنىڭ لېۋىدە ھەم مۇز ،
تاكسى ئۆتەر يېنىمدىن ئاستا .
ناتونۇشمەن ئۇنىڭغا بىراق ،
ناتونۇشتەك قىزلارغا گويا .

تۇن — ئۇ بولار كىملەرگە دىلكەش ؟
خالىمايمەن قېلىشنى ئۇخلاپ .
ئۇيقۇ دېگەن ئۆلۈم بىلەن تەڭ ،
سۆيگۈ ، بەخت كەلمەكچى يوقلاپ .
بىراق ،
بەخت — ناخشا ، سۆيگۈ — چۇش ئىرۇر ،
يىلتىز تارتقان قەلبكە چوڭقۇر ،
ھېچكىم ئېيتىپ ، كۆرۈپ باقمىغان .

تۈن
تۈن ، سەن بەلكى ماڭا بىر مەشۇق ،
مۇھەببەتلىك رىشتىمىز تۇتاش .
شېئىرلىرىم ئەقىدەم مېنىڭ ،
تۆكۈلىدۇ قەلبىڭگە سېنىڭ ،
ۋىسالىمىز سەھەر ، ئۇ — قۇياش .
تۈن……

1997 - يىل ئاپرېل ، تۇرپان

# تۈن ئۈزۈن ئاشىقنىڭ كۈتۈشلىرىدەك

قاپقارا بىر كېچە كەلمەكتە يەنە ،
كەلگەندەك يېقىنلاپ قەلبىمگە ئازاب .
كۆيىمەن ئۈمىدنىڭ ئوتىدا بۈدەم ،
كۆك ئارا يۇلتۇزۇم قالسا دەپ چاقناپ .

خانەمنى رومانتىك تۈسكە كىرگۈزۈپ ،
ئاھ ! كۈتتۈم تاقەتتە ، كەلمىدى نىگار .
نۇر تۆكۈپ نەچچە رەت چېچەكلىدى شام ،
مۇڭلۇق كۈي بەرقىدە چارچىدى گىتار .

بۇ كېچە مېنىڭدەك يېگانە كېچە ،
خىيالىم كەچ كۈزدەك قالدى قۇپقۇرۇق .
جۇپ كۆزۈم بېزىدى تۈننى نۇر بىلەن ،
بولدى ئۇ خىلۋەتتە ئويچان گۈلسۇرۇخ .

ئارمىنىم سەھەردە كۆرگەن چۈش كەبى ،
يوقلۇقتا باش قويار شۇنچىلىك قىسقا .
ئەكسىچە ھىجراننىڭ دەملىرى ئۇزۇن ،
خۇن بولدى يۈرىكىم ، دەپ بۇ نېمىشقا ؟

دىل تارتماس كېچىلەر كەلمەكتە قىستاپ ،
كەلگەندەك دېۋەيلەپ قەرز ئىگىسى .

تۈن ئۇزۇن ئاشىقنىڭ كۆتۈشلىرىدەك ،
كۈندۈز ئۇ بىردەملىك مەشۇق كۆلكىسى .

1997 - يىل ماي ، تۇرپان



# بىز ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى

بىز ئايرىلغان ھېلىقى كۈنى ،
كۆزلىرىمدە سۈندى نىگاھىڭ .
ياش تۆككىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان ،
تۇرساڭمۇ گەر يوقتەك پەرۋايىڭ .

سەپەرداشلار ئىچىدە ئۈنسىز ،
پىچىرلىدىڭ تىلەپ ماڭا قۇت .
خىياللىرىم يۈكلەندى ساڭا ،
ھەممە نەرسە ئۇنتۇلدى مىنۇت .

ئاق بىلىكىڭ قالدى پۇلاڭلاپ ،
قوزغالغاندا ئاپتوبۇس ئاستا .
كەتتى چاقناپ تۆكۈپ شولا سۇس ،
تەبەسسۇمىڭ ئۇپۇقۇم ئارا .

ھاۋا تۇتۇق ، چېھرىممۇ تۇتۇق ،
گۆرىستاندەك تۇيۇلدى بېكەت .
شاراب ئىچىپ مەست بولغان بىلەن ،
ئۇنتۇلمىدى يەنىلا ھەسرەت .

ئۆتتى كۈنلەر چۈشلىرىم ئىچرە ،
ئاھ ! كۆرمىدىم سەندىن بۆلەكنى .

جەنۇب قىزى كەتتىڭمۇ ئېلىپ ،
شۇ چاغدىلا مەندىن يۈرەكنى ؟

1997 - يىل نويابىر ، تۇرپان

# بالنىستتا يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش

بالنىست ئادەمنىڭ مەلۇم ئەزاسى ،
بەدەندىن ۋاقىتسىز ئېلىپ تاشلانغان……

بۇ يەردە قورۇما ، قەدەھ يوق لېكىن ،
بار ئەمما تۆت ئاسما — تۆت كومزەك شاراب .
تۆت بۇلۇڭ ، تۆت كارىۋات ياتىدۇ ئۇندا ،
تۆت ئاغرىق ئۈمىدتە ئىشىككە قاراپ .

قۇت ، شادلىق بۇ يەرنى ئۇنتۇغان تامام ،
قىلغاندەك ھاياتمۇ خۇددى مەسخىرە .
كارىدور تىپتىنچ ، قىيپاش شامالدەك
ئۆتىدۇ سوغ بېقىپ سېسترا بىرە .

يېڭى يىل «سالام !» دەپ كەلگەندۇ بەلكىم ،
سەزمەيدۇ ئازابتىن باشقىنى يۈرەك .
كىملەرنىڭ يادىغا يېتىدۇ كىملەر ،
بېزەلگەن كوچىلار نېمىدىن دېرەك ؟

بالنىست ، بالنىست باشقىچە ماكان ،
ئاھ ! تاشقى دۇنيادىن قالغان بىخەۋەر .

تۆيغۇ ، قان ئاسمىنىنىڭ شەربىتىدە مەست ،
گۈلدەستە سۈنسىمۇ قاردىن تاڭ سەھەر .

......

يېڭى يىل ھارپىسى باشقىچە ماكان ،
بالنېست ھەممىگە ئۈنتۈلۈپ قالغان .

1997 - يىل 31 - دېكابىر ، ئۈرۈمچى



# سۆيۈلمىگەن قىزغا

«ماڭاي» دېدىڭ ، ياشلىرىڭنى يوشۇردۇڭ ،
«خوش» دېيىشكە يوق مېنىڭمۇ جۈرئىتىم .
تەبەسسۇمىڭ نە تەسەللى خورسىندىم ،
بەرق ئۇردى يۈرىكىمدە ھەسرىتىم .

روھىم ئارا ھۆكۈم سۈرگەن سۈكۈتلەر ،
سۆزلىرىمگە تىترەشلەردىن بەردى رەڭ .
يىراقلاردىن كەلگەن ئاجىز ناخشىدەك ،
دېلىغۇللۇق قىلىۋالدى مېنى دەڭ .

قان رەڭگىدە بەرگ يايدى پىنھان گۈل ،
دىلىم ئاچچىق ، تىلىم كۈيلەر قۇت— تىلەك .
مۇھەببەتنىڭ ئۇدۇمى شۇ ، ئېھتىمال ،
ئازاب بىلەن تاۋلىنارمۇ جۈپ يۈرەك ؟

بەزلىيەلمەس تۈيغۇلارنى بىر ئۆمۈر ،
مۇمكىنسىزلىك ئىچرە يەنە دوستلىشىش .
ئۈزۈۋەتتى شېرىن چۈشنى تېڭىدىن ،
نە دېگۈلۈك بۇ بىمەھەل خوشلىشىش .

1998 - يىل ئاۋغۇست ، تۇرپان

# ئەسسالام، تويۇڭ قۇتلۇق ئانا مەكتەپ

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىغا بېغىشلايمەن)

ئەسسالام! خىزىر سۈپەت ئۇستازلىرىم،
ئەسسالام! تويۇڭ قۇتلۇق ئانا مەكتەپ.
ئەسسالام! بۇندا قالغان باھار، يازىم،
مەن كەلدىم داۋان ئاتلاپ مۇھەببەت، دەپ.

ۋۇجۇدۇم ياپراق مىسال كەتتى تىترەپ،
تويۇڭنىڭ باغىقىنى ئالغىنىمدا.
ئۇزاقتىن كەلدىڭ ماڭا بەخت تىلەپ،
ئاھ! بۇنى بىلدىم مەڭدەپ قالغىنىمدا.

ئالدىمدا گۈلزارلىق يول، تونۇش بىنا،
«سالام!» دەپ كىرگىنىمدە تونۇۋالدى.
يىگىرمە جۇپ ساۋاقداش چېچىپ زىيا،
مەڭزىمگە، پېشانەمگە قونۇۋالدى.

ھەي، ئۆتكەن مەنىگە باي تۆت باھار، ياز،
چۇشتەكلا، بەلكى ئىللىق قۇچىقىڭدا.

يېتىلدىم ، تەر تۆكمىدىڭ مەن ئۈچۈن ئاز ،
تاۋلىدىڭ بىلىم ئاتلىق ئوچىقىڭدا .

ئوت ئالدىم يۈرىكىمگە سەندىن تالاي ،
ئوت بولۇپ قەلبلەرنى ئىللىتقىلى .
تىلەكلەر قوشتۇڭ يەنە تىلىكىمگە ،
سايرىدىم ، ئەشئارىمنىڭ چىقتى تىلى .

تۇرنىدەك ئۇچۇپ كەتتىم يىراقلارغا ،
قۇياشتەك قالدىڭ قەلبىم ئۇپۇقىدا .
تىك باقتىم يولۇمدىكى توسۇقلارغا ،
ئۆزۈمنى كۆردۈم نۇرۇڭ يورۇقىدا .

چۇشۇمگە تولا كىردىڭ كېچىلەردە ،
نەچچە رەت كەلمەك بولدۇم سېنى يوقلاپ .
ياد ئەتتىم ئەجرىڭنى پاك سۆيگۈلەردە ،
سۆزلىرىڭ قۇلىقىمدا تۇردى ياڭراپ .

شىر بولدۇم ئۆزۈڭ بەرگەن مۇھەببەتتىن ،
تۇيغۇمدا سەن ئەبەدىي ئۇز ، مۇنەۋۋەر .
رازىمەن تائەبەدكە بۇ قىسمەتتىن ،
بەختتۇر قۇچىقىڭدا بولغىنىم ئەر !

ئەسسالام ! يىگىرمىدە بولغان تويۇڭ ،
مۇبارەك تاڭ سەھەردەك ساھىبقىران .
كۆزۈمگە تۇتيادۇر ئالتۇن بويۇڭ ،
تىلىم لال ، تۇرماقتىمەن ھازىر ئاران .

1998 - يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# سەھەردە خىيال سۈرۈش

قاغىلار قاقىلداپ ئۇچقان سەھەردە،
سەن ئۇچۇن مەززىسىز سۈردۇم بىر خىيال.
قارگۇلى توزۇغان نىگاھىم بولۇپ،
كۆڭلۈڭدىن ئۇشبۇ دەم كەچتى ئېھتىمال.

تولدۇردۇم كۆڭلۈمنىڭ يېرىمىلىقىنى،
ئۆتكەن ئاي يوللىغان مەكتۇپىڭ بىلەن.
سۆزۈڭدە تەكەللۇپ تۆككەن تۇرۇقلۇق،
چۆكمەكنى ئىزدىمە قەلبىمگە تېرەن.

كەچمىشنىڭ مۇڭ باسقان ئۆتنى ئارا،
كەلگەن ئۇ كىم ئىدى ماڭا گۈل تۇتۇپ؟
بىلمەتتىم سۆيگۈڭگە نابابلىقىمنى،
نېمىلا دەي ئاخىر ھەسرەتنى يۇتۇپ.

يوق ئەمدى روبىرو قاراپ ئولتۇرۇپ،
سۆھبەتلەر ئارىسى خۇشال كۈلۈشلەر.
كېتىۋەر يىراققا يالغۇز تۇرنىدەك،
مەن ئۇچۇن يادنامە بەخت تىلەشلەر……

سوزۇلسا شىمالنىڭ قىشى ئۇزۇنغا،
تۈنلەردە ئۇيقۇسىز چەكمە دەرد - ئەلەم.

پىچىرلاپ ئوقۇپ قوي شېئىرلىرىمنى ،
مەن سەن ئۈچۈن شېئىرغا ئالدانغان ئادەم .

1998 - يىل نويابىر ، تۇرپان



# تەسەللىنى خالىماسلىق

قەلبىمنىڭ بۇ قەدەر غېرىبلىقىنى ،
ئۆزۈمدىن ئۆزگىگە چۈشەندۈرۈش تەس .
شۇندىمۇ كۆلگەندەك يۈرگەن تىلىكىم
ئاخىرقى پۈرسەتكە قىلىدۇ ھەۋەس .

كۆڭلىرىم توختام سىز ، قوزغىمايدۇ زوق ،
ئازابلا تامچىتار چاك كەتكەن يۈرەك .
كۆڭلۈمنى ئاھ ! كىممۇ كېتەلەر ئاياپ ،
مۇڭلانسام تەسەللى كۈتۈش نە كېرەك ؟

يوقلايدۇ روھىمنى قەدىناس ئازاب ،
شېئىرنىڭ بىپايان جىملىقى ئىچرە .
سالامغا تۇتۇنسام تونۇماس بەخت ،
ھەسرەتتىن دەز كەتكەن يۈرىكىم خىرە .

ئىچكۈم يوق شارابنى ئىچكەنگە ئوخشاش ،
ئالىمەن بۇگۈندىن ئەتىگە قەدەم .
مەيلىلا تۈيغۇمنى يۈرەيچۇ گوللاپ ،
ئالداپ ۋە ئالدىنىپ ياشاركەن ئادەم .

1999 - يىل فېۋرال ، تۇرپان

# ئۆزۈم بىلەن سىردىشىش

ھەسرەت گويا كونا دوستۇمدەك ،
ئۇنتۇمايدۇ ، يۇرىدۇ يوقلاپ .
يالغۇزلۇقنى قىلىدۇ شىكار ،
خانەم ئارا ساكسوفون ياڭراپ .

يوق ئۆزۈمدىن ئۆزگە سىرداشىم ،
يېنىمدا بار مىسكىن پەردە— تام .
«خوشە !» دەيمەن روھىمغا تەڭلەپ ،
شاراب ئەمەس ، ياشقا تولغان جام .

قىزلار تولا كىرەر چۈشۈمگە ،
تىلەپ ئۇنىسىز لەۋلىرىدە قۇت .
رېئاللىقتا ئۇنتۇلغانلىقىم ،
شادلىقىمنى قىلماقتا نابۇت .

قەيەردە سەن ئامرىقىم شېئىر ،
ئاھ ! كىملەرگە بولغانسەن سىرداش .
ھاياتىمنىڭ دوقاللىرىدا ،
كىم قىلماقچى بىزنى سالغا تاش ؟

بوسۇغامنىڭ تۈۋىدە ئەنە ،
بىر ئىزتىراپ كۈلمەكتە ئوماق .

قۇچىقىغا كىرەيلى كۈلۈپ ،
بىز خىلۋەتتە ئۇنتۇلغان بۇلاق .

1999 - يىل مارت ، تۇرپان

# ئۇھسىنىش

ئۆز - ئۆزۈمنى تونۇماي تۇرۇپ ،
مەن كىملەرگە قالدىم دوست بولۇپ ؟
قىسمەت قىرتاق لەۋلىرى بىلەن
سۆيگىنىدە مېنى ياقتۇرۇپ .

خىياللىرىم نازلىق چوكاندەك —
باقار ، يەنە يىراققا قاچار .
مەنسۇپ ئەمەس ماڭىلا قۇياش ،
ئاھ ! ھەممىگە نۇرىنى چاچار .

تېپىشماقلار قۇم كەبى كۆمەر ،
ئۇز كۆرۈنگەن رېئاللىقىمنى .
بىر ئۈمىدكە ياسايمەن راۋاق ،
دەسمايە قىپ بارى - يوقۇمنى .

1999 - يىل ئىيۇل ، تۇرپان



# سەن

تۇتۇق بەرمەي قەلبىمگە ئۈنسىز ،
تومۇرۇمدا قان بولۇپ ئاققان ،
سەن - سەن ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ جېنىم ،
كەچمىشىمدە قۇياشتەك ياتقان ؟
مېنى ئاتەش باغرىغا ئاتقان .

ناخشا بولۇپ يارالغان ماڭا ،
تەبەسسۇمىڭ ئۈنى ئاڭلاتقان .
قالالمىدىم ئەسلا يوشۇرۇپ ،
ئېيتمىغانچە خۇمارىڭ ئارتقان ،
يەنە - يەنە مەيلىمنى تارتقان .

ھالقىمىسا ئادەم ئۆزىدىن ،
يىتكىنى خوپ بۇ يەر يۈزىدىن ،
ئۇپۇقۇمدا تاڭ مىسال ئاتقان .
مېھىر تۆكۈپ ئوتلۇق كۆزىدىن ،
پەقەت ، پەقەت سەن - سەن ئەمەسمۇ
مەن تېۋىنغان ، سۆيگەن ، ياراتقان ؟

كەلگەندە كۈز ئۆتۈپ ياز ، باھار ،
باغلار ئارا تاللىدۇق ئانار .

ئاشۇ ئانار ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ ،
لەۋلىرىمدە «شۇررىدە» ئاققان ؟
ھالاكەتنىڭ ئانىسى غەپلەت ،
ئاخىر بىزنى ھىجرانغا ساتقان .

گۈل تۇۋىدە تىڭشاپ يۈرەكنى ،
غەملەر بىلەن باشلاپ كۆرەكنى ،
مەن ئەمەسمۇ سۈكۈتكە پاتقان ؟
قۇچالماستىن ئارزۇ - تىلەكنى ،
ئازابلارنى يەتكۈچە تارتقان ؟

تۇن خانەمگە كىرسەڭ نۇر بولۇپ ،
قەلبىم ئارا كۈلسەڭ گۈل بولۇپ ،
ساڭا سوغۇق نەزەردە باققان ،
مەن ئەمەسمۇ ، ئۆزۈم ئەمەسمۇ ؟
قالغان چاغدا ئاچچىق ئاھ ئۇرۇپ ،
بار ئەيىبنى تەقدىرگە ئارتقان .

ئۆكۈنۈشكە تولدى ھاياتىم ،
ئاقتى يامغۇر مىسالى يېشىم ،
ئىشقىڭ دىلدا كۈنسېرى ئاشقان .
سەن ئەمەسمۇ ، بىر سەن ئەمەسمۇ ،
ۋۇجۇدۇمغا مەستلىك تاراتقان ؟

تۇتالمىدىم سېنى سىر پېتى ،
ياشالمىدىم شۇڭا شىر پېتى ،
مەن ئەمەسمۇ ، نادان ئەمەسمۇ ؟
پۇتلىرىمغا ئىشكەلنى چاتقان ،
ئاھ ! شۇندىمۇ بىر سەن ئەمەسمۇ ،
مەن بىلەن تەڭ بىر دەردنى تارتقان ؟

تومۇرۇمدا قان بولۇپ ئاققان ،
ماڭا نۇرلۇق تاڭ بولۇپ ئاتقان ،
مەڭگۈ ، مەڭگۈ ئۆزۈڭسەن جېنىم ،
مېنى ئاتەش باغرىڭغا ئاتقان ،
چۈشلىرىمدە قۇياشتەك ياتقان .

1999 - يىل ماي - ئىيۇن ، تۇرپان



# ئايرىلىش مىنۇتلىرى

كىرپىكلەر نەم، دىللاردا پىغان،
يېنىمىزدا ئەركىلەر ئېقىن؛
ئالدىمىزدا پايانسىز ھىجران،
ئولتۇرساقمۇ شۇنچىلىك يېقىن.
سەن «خوش!» ئېيتىپ ماڭماقچى ئەركەم،
كۆزۈمگە تار كۆرۈنەر ئالەم.

سۇنۇق روھقا تەسەللى ئىزدەپ،
تۇرماقتىمىز سۇكۇتتە ئويچان.
كۆرۈشەرمىز كەلگەندە كۈز، دەپ،
ئارزۇلارغا ياقسامۇ گۈلخان،
سەن «خوش!» ئېيتىپ ماڭماقچى ئەركەم،
تۇمان ئىچرە كۆرۈنەر ئەتەم.

ئېرىپ كەتتى بىر شىڭگىل ئۈزۈم،
ئىككىمىزنىڭ لەۋلىرى ئارا.
ھەسرەت بىلەن يۇمۇلدى كۆزۈم،
ئېگىلگەندە مەجنۇنتال ئاستا.
سەن «خوش!» ئېيتىپ ماڭماقچى ئەركەم،
سوۋغا قىلىپ ئازاب ۋە ئەلەم.

تۇيۇقسىزلا كەلگەندەك دىدار،
تۇيۇقسىزلا كەلدى ھەم ھىجران.
كەتسەڭ تىلىم ئارا يادلىنار،
مۇشۇ بىر سۆز :ئامان بول، ئامان.
سەن «خوش!» ئېيتىپ ماڭماقچى ئەركەم،
باغاش ئېتەر قەلبىمنى نالەم......

1999 - يىل ئىيۇل، تۇرپان



# پويىزدا غېرىبسىنىش

كاچاتلاپ ئاھ ! ئۇچقۇر خىياللىرىمنى ،
جەنۇبنىڭ پويىزى ماڭىدۇ ئاستا .
ئۆلتۈرۈپ ھەسەلدەك تۇيغۇلىرىمنى ،
يېنىمدا ياڭرايدۇ مەززىسىز ناخشا .

سېزىمەن ئۆزۈمنىڭ غېرىبلىقىنى ،
پويىزغا لىق تولغان بولسىمۇ ئادەم .
يوق ئۇلار ئىچىدە سىردىشىم مېنىڭ ،
كۆزۈمگە قارىيىپ كۆرۈنەر ئالەم .

روھىمنى تەنھالىق غاجايدۇ تىنماي ،
مېۋىنىڭ بەرگىدىكى قۇرتقا ئوخشاپ .
كۆڭلۈمنى تولىمۇ قىلماقتا يېرىم ،
ئابلەتنىڭ بىمەھەل قالغىنى ئۇخلاپ .

يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا باقىمەن ئويچان ،
ماڭىدۇ پويىز ، بەك ماڭىدۇ ئاستا .
مەنزىلدە ئالدىمغا چىقارمۇ مەشۇق ،
مەززىسىز تۈن ئۆزاپ ، نۇرلۇق تاڭ ئاتسا ؟

ئەتە دەل شەنبىدۇر تۇغۇلغان كۈنۈم ،
قۇتلۇقلاپ جۈپ يۈرەك ئېيتماقچى ناخشا .

تەسەللى بېرەلمەس دوستلارغا ئوخشاش ،
جەنۇبنىڭ پويىزى ماڭىدۇ ئاستا……

1999 - يىل دېكابىر ، تۇرپان



# ياشارمەن

ئاھ ! ئوتتۇز بەش ئەسىر ئۆتتى ئالدىمدىن ،
يۇك باسقان پويىزدەك شۇنچىلىك ئاستا .
ھەممىگە پەرۋاسىز تۇرغىنىم بىلەن ،
ھايات ئۇ ئېچىمدا ئۇيۇرىغان ناخشا .

تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشى ئامبۇردەك قىسىپ ،
ئۆلدۇم ۋە تىرىلدىم ئوتتۇز بەش قېتىم .
گويا شوخ قوزىچاق يۈرىدۇ ئويناپ ،
يېنىمدا جۇپ سەبىي دادىدۇر ئېتىم .

قانغۇدەك كۈلمىدىم ، يىغلاپ باقمىدىم ،
شادلىقىم تۇيۇلار ئۆزگىگە يوچۇن .
رېئاللىق ئالدىدى بولۇپ ئىشقىۋاز ،
تۇيغۇمنى قېرىتتى ئوتتۇز بەش نېچۇن .

باغلىنىپ ياشىدىم بۇگۈن ، ئەتىگە ،
سەرگەردان بالىدەك خالاپ - خالىماي .
ئوتتۇز بەش يارا بار قەلبىمدە تېرەن ،
تىرىكلەر ئارا شاد يۈرگىنىمگە ۋاي !

ياشارمەن ئۆزۈمنى بەزلەپ ، ئېھتىمال
قوشۇلار يېشىمغا ئوتتۇز بەش يەنە .

ھېچنېمە دېگۈم يوق ھايات ھەققىدە ،
قىلارمەن ھەر كۈنگە ئۈنسىز تەنتەنە .

1999 - يىل دېكابىر ، تۇرپان

# دېكابىر خاتىرىسى

هايات ، تۇرمۇش لىرىكا ئەمەس ،
قىلار پەقەت ئازابنى كۆرەك .
بەخت ئىچرە ياشىماق ئۈچۈن ،
كۆپ نەرسىدىن ۋاز كېچىش كېرەك .
قارا كۆزلەر لېۋىدە بولۇت ،
يامغۇرىدىن بېرىدۇ دېرەك .
ئاھ ! شۇلارنى ئۆتەتتىم يانداپ ،
چۈمۈلىسىلا شادلىققا يۈرەك .

غايىب ئامەت سۆيۈش ، سۆيۈلۈش ،
قۇت ، دىدارنىڭ ھىجرانىمۇ بار .
ئاخىر غىنچە كۈلمەس باھادىر ،
شادلىقنىڭمۇ بىر پىغانى بار .
ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ ،
مەۋجۇتلۇققا قويدى يولنى تار .
ئۆتكۈزىمەن كۈنلەرنى ساختا ،
سەن بىناۋا نېمىگىدۇر زار .

ئالدىغۇم يوق ئىدى ھېچكىمنى ،
قالدىم ئەمما ئۆزۈم ئالدىنىپ .
ئەگىزدىكى قاردەك يوقىدىم ،
كىچىك دۇنيايىمغا باغلىنىپ .

بولغاندىمەن تۈيغۇڭدا كاززاپ ،
سېنى تاشلاپ خەققە ياللىنىپ .
غالىب ئەمەس ، مەغلۇپ ، دەپ بىلگىن
ۋە ھەممىدىن قالغان شاللىنىپ .

ئوقۇمىغىن ئىسمىمغا نەپرەت ،
دېكابىردا يادىڭغا يەتسەم .
ۋوگزال تامان ئاستا قاراپ قوي ،
چۈشلىرىڭدە خوش دېمەي كەتسەم .
بىلەتتىڭغۇ ئارمانلىرىمنى ،
ئىزلىرىڭنى گۈلىستان ئەتسەم .
پىنهانلاردا ھەسرەت يۇتارمەن ،
بىر چاغ يەنە قەدرىڭگە يەتسەم .

خالىماستىن بولدۇم مەن يەنە ،
بولدۇم ساڭا ئوق ، قارشى قۇتۇپ .
سىرلىرىمىز كۆڭۈلگە ئايان ،
يېزىشمىدۇق ۋە لېكىن مەكتۇپ .
بار ئازابنى تاپقان ئۆزىمىز ،
يىراق يۇرتتىن مەخپىي يار تۇتۇپ .
تەبىرىڭچە بەخت ئىچىدە
شاھ مەن ، بىر سەن قالدىڭ دەرد يۇتۇپ .

رېئاللىققا تۇيۇلساقمۇ يات ،
مەيلى ئەخمەق ئەتسىمۇ قىسمەت .
ياشىساقمۇ پىنهان كۆيۈشتە ،
قىينىسىمۇ يۈرەكنى ھەسرەت .
قىلمىساق ھەم كۈندە تېلېفون ،
دىدارغىمۇ بولمىسا پۇرسەت ،

ئىشەن جېنىم ئىمانغا ئوخشاش ،
روھلار ئارا ياشار مۇھەببەت……

تۇرمۇش رەڭۋاز ، ھايات سېھىرگەر ،
ئازابىنىلا قىلىدۇ كۆرەك .
بەخت ئىچرە ياشىماق ئۈچۈن ،
كۆپ نەرسىنى ئۇنتۇماق كېرەك .
كۆلكىگە باي لېۋىم ، چېھرىمدە
بولۇت بېرەر يامغۇردىن دېرەك .
مەن شۇلارنىڭ تېرەن تەكتىدىن ،
تۇتتۇم ساڭا ئاھ كۆيۈك يۈرەك .

1999 - يىل دېكابىر ، تۇرپان - ئۈرۈمچى

## بەدەل

مەن بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ،
ئاھ ئۇردۇم ، ياش تۆكۈپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق .
ئويلىدىم : مۇھەببەت ئىسمىسىز بەدەل ،
ۋە يەنە ئۆزئارا قۇرۇلغان تۇزاق .

مۇمكىنمۇ كۆڭۈلنى ئارىيەت ئېلىش ،
تۇيغۇلار تۇيغۇغا بولمىسا تۇتاش .
كەتكۈلۈك «خەير !» دەپ قۇت تىلەپ ئاستا ،
يامغۇرلۇق كۈنلەردە كۈلەمدۇ قۇياش ؟

قار تۇغقان خىيالىم شۇقەدەر سوغۇق ،
قىسمەتكە ، ھەسرەتكە بولالماس دەركار .
شۇندىمۇ ئۆرۈكتەك چېچەكلەپ تۇرۇپ ،
ھاياتقا ئىشقىمنى قىلىمەن ئىزھار .

يىراقتا قالغىنى شورلۇق كەچمىشىم ،
ئۇندا بىر شۇم قاغا ئازابنى كۈيلەر .
كۈت جېنىم ، سەن ئۇچۇن يازىمەن مەكتۇپ ،
ئۇپرىسا ، ئۇنتۇلسا بەختسىز كۈنلەر .

2000 - يىل يانۋار ، تۇرپان

# ئەلۋىدا ، ئۆتمۈشۈم

ئاھ ! يۈرىكىم ، مېنىڭ يۈرىكىم
دەرد - ئازابتىن پۈتكەن يۈرەكتۇر .
شۇڭا بىر رەت كۈلمىكىم ئۈچۈن ،
ئوڭۇم ئەمەس ، چۈشۈمدە ھەتتا
قېنىپ ئاچچىق يىغلاش كېرەكتۇر .

يۈرەك دېگەن قان بىلەن گۆشتىن
پۈتكەن تۇرۇپ دەردتە كۆيەمدۇ ؟
كەچكەنلىرىم كەتكەنگە ھېساب ،
ئىچ ئاغرىتىش بەلكى بىھاجەت ،
ئايرىلغانغا ئادەم ئۆلەمدۇ ؟

كۈتكەنلىرىم بەختمۇ ئەمەس ،
يىراق كەلمىشتىكى ئۈمىدتۇر .
لېكىن ، مۇڭلۇق كۈيلەشلىرىمدە ،
بەخت — ھېچكىم كۆرمىگەن چۈشتۇر ،
ياق ، ياق ، بەخت بىر خىل ئۈمىدتۇر .

خازان تۆككەن دەرەخلەر بىلەن
سىر دېششىنى ئىزدەيمەن تۈندە .
ئۇلار مەندەك كەچكەن تۇرۇپمۇ ،
ياشلىمايدۇ كۆزىنى غەمدە .

ياپراق كۆلەر نەۋباھار كەلسە ،
مەنمۇ بىر كۈن ئۆرارمەن خەندە .

قايغۇرما ، ياش تۆكمەيلا قويغىن ،
ئىشەنمەيمەن ئەمدى كۆز ياشقا .
گول بولمايمەن ۋەدىلەرگىمۇ ،
ئاھ ! ئايلاندىم ئېرىمەس تاشقا .
بىلمەيتىمەن ، نادانلىقىمدىن
ئىكەن سۆيۈش ، سۆيۈلۈش باشقا .

خەير ! مېنىڭ قۇرغاق ئۆتمۇشۇم ،
خەير ، دەيمەن ياشاشچۇن قەيسەر .
مەيلى ، ئاشۇ كېتىشىڭ بىلەن
داغ قالدۇرساڭ قەلبىمدە تېرەن
ۋە ئازابقا قىلساڭ مۇيەسسەر......

دەز كەتكەن بىر چىنە يۈرىكىم ،
تەشۋىشلەردە قىينايدۇ مېنى .
ئۇ چېقىلماس ، تاپارمەن ئارام ،
كېچىش بىلەن ئۇنتۇسام سېنى .
خەير ، خەير قۇرغاق ئۆتمۇشۇم ،
خوش ئېيت ماڭا ، خوش ئېيتقىن قېنى .

2000 ـ يىل فېۋرال ، تۇرپان

# يېڭى سۆيگىنىمگە

قارلىق تاغنىڭ چوققىلىرىدەك ،
يۈرىكىمنى ئورىۋالدى قار .
ئۆكۈنمىگىن سۆيگەنلىرىڭدە ،
قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگەنلىرىڭدە ،
مەنمۇ بىرگە كۈلەلمىسەم يار .

تەن ئالىمەن ، يوقلاپمۇ ئۆتتى ،
مېنى ئوتتۇز ئالتە نەۋباھار .
دېيەلمىدىم ھەسرەتنى شادلىق ،
بوغۇزۇمدا يىغا بار ئاچچىق ،
قىلالمىدىم كۆڭلۈمنى ئىزھار .

باشقىلارغا سۆيۈملۈك ھايات ،
ماڭا سالدى توختىماي دىشۋار .
ئۆلتۈرۈپ پاك تۇيغۇلىرىمنى ،
بۇزۇپ شېرىن ئۇيقۇلىرىمنى ،
چۈشۈمگىمۇ ئاستى تىلتۇمار .

مېنى سۆيسەڭ تومۇز بولۇپ سۆي ،
ئېرىپ كەتسۇن قەلبىمدىكى قار .
قۇت ، ۋىسالغا چۆمۈلەي تولۇق ،

ئۇنتۇپ غەمنى ، ئازابنى زىنھار……
قۇچاق ئاچسۇن تاڭلار بىغۇبار .

2000 - يىل ماي ، تۇرپان



## شائىرنىڭ شەھىرى

رەستىلەر ناتونۇش يۈزلەردەك تۇتۇق ،
كېلەر ئۇ كۇندە يول چېتىنى بويلاپ .
چېچىنى بويىغان سەتەڭگە ئوخشاش ،
تاكسىلار كۆز قىسىپ ئۆتسىمۇ يانداپ ،
بىلمەيدۇ ، ئاھ ! ئۇنىڭ نامراتلىقىنى .

پەر قاققان قۇشلاردەك ئۆتىدۇ كۇنلەر ،
خالىماي ئوينالغان تانسىدەك خىزمەت ،
دال بولماس قەرزگە ئازغىنە مائاش .
شۇندىمۇ ئۇ سۆيەر تۇرمۇشنى قىزغىن ،
تۇنجى رەت قىزلارنى سۆيگەن يىگىتتەك ،
سۆيەر ھەم ھاياتنىڭ سوغۇقلۇقىنى .

قايتىدىن چېچەكلەش مۇمكىنمۇ ياشلىق ؟
ئادەمگە ئۆزىدەك يوق بىر مېھرىبان .
دوستلارچۇ بىنا — ئۆي ھالىدا ھەلەك ،
ئەندىككەن كۆڭۈلگە بەرمەيدۇ ئارام ،
قاتار چاي ، مەرىكە يەنە رېستوران .

بىلمەيدۇ ئازابنى ئۇلار — ئادەملەر ،
ئازابنى سەزمەسلىك ئەڭ ئېغىر ئازاب .
ئاھ ! ئۇنىڭ روھىنى غېرىبلىقىدەك ،

تۇرىدۇ يېقىمسىز ، غەمكىن كۈي تۆكۈپ ،
شامالدا توختىماي يېتىم سىمتاناپ .

قۇلاققا ، كۆزلەرگە سالىدۇ شەھۋەت ،
قىزارتىپ ، ئەركەكنى يەرگە قارىتىپ ،
شۇم نىجىس - ئاجىزلىق ھەققىدە ئېلان .
دوختۇرنىڭ قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى ،
ئۆتىدۇ سىگنال بېرىپ غۇيۇلداپ .

يۇرىدۇ كۆڭلى غەش ، ئويچان - خىيالچان ،
شائىر ھەر سەھەردە چۆچۈپ ئويغىنار .
ھەي ، بىراق جىلمىيىپ ، تەبەسسۇم قىلىپ ،
قۇت - بەخت ئادەمدىن قاچقان قىز - ئايال......
ئۇمىدمۇ ئەسلىدە بىھۇدە نەرسە ،
ئۇ ئويلار شەھەر چۈش بەلكى خام خىيال .

بۆشۈكتە بوۋاقتەك ئويغانغان سەھەر ،
رەسىدە قىز كەبى ياسانغان شەھەر .
بىلمەيدۇ باغرىدا خازاندەك ئۇچۇپ ،
ئازابتىن بىخەۋەر ئادەملەر ئارا ،
بىر مىسكىن شائىرنىڭ يۈرگەنلىكىنى .

2000 - يىل ئاۋغۇست ، تۇرپان



# شېئىر مەيلى سانالسا سۈكۈت

ئاھ ! قەلبىمنىڭ سۈكۈتلىرىدەك ،
بار بۇ يەردە جىمجىت بىر ئاۋاز .
ئۇ دېڭىزنىڭ چۆكمىسى گويا ،
روھ غارىدا كۆرىستەر پەرۋاز .

سۇزۇلگەندە يىراق كەچمىشىم ،
كىملەرگىدۇر تۇيۇلىمەن يات .
ئۇنتۇلدۇرۇپ رېئاللىقىمنى ،
چۇشۇم قاقار سامادا قانات .

سوئاللىرىم چاقماقلىرىدا ،
نۇرغا چۆمۇپ قالىمەن ئاستا .
كەلمىشىمگە يازىمەن مەكتۇپ ،
ئەمما ئۇنى يۇيىمەن ياشتا .

بوۋام خۇددى قېرىغان قۇياش ،
باقىدۇ جىمجىت ، قىلالمايدۇ سۆز .
سانسىز ئۆلدۇم ، تىرىلدىم يەنە ،
ۋۇجۇدى ئۇنىڭ سانسىزلىغان كۆز .

بار بۇ يەردە جىمجىت بىر ئاۋاز ،
يوشۇرالماس ئۇنى ھېچنېمە .

شېئىر مەيلى سانالسا سۆكۈت ،
قەلبلەردە قىلىپ تەنتەنە……

2000 ـ يىل سېنتەبىر ، بېيجىڭ



# تەنھالىق

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرىسىگە)

ئۆي ئازادە، لېكىن يالىڭاچ،
رام پەردىسىز، تامدا يوق گىلەم.
ئىشكاپ ئارا كىتاب لىقمۇلىق،
نازلىق باقار بولۇپ يار، سەنەم.
ئاۋۇندۇرۇپ خىياللىرىنى،
موھتاجلىقتىن يېمەس قىلچە غەم.
ئۆتكۈزىدۇ كۈنلەرنى شۇنداق،
شىمالدىكى بويتاق ئاغىنەم.

تېلېفونغا تېۋىنىپ، ئۈنسىز،
سۈكۈت ئىچرە ئولتۇرار ئۈنلەپ.
ساكسوفوندىن كېلىدۇ بىر قىز،
چۈشتەك گۈزەل سۆيگۈنى كۈيلەپ.
تەسەۋۋۇرى مىسالى بىر قۇش،
قاققانچە پەر تۇرىدۇ ئۆرلەپ.
بىر غېرىبلىق بىر ئاڭا مەشۇق،
سۆيەر ئۇنى ئۆزگىدىن كۈنلەپ.

چاقىرغۇنىڭ تىترەشلىرىدىن،
كېتەر گاھى ئەندىكىپ - چۆچۈپ.

ئۇز ، بىپەرۋا توقۇمىچى قىز ،
كەتكەن ئەمدى يىراققا كۆچۈپ .
چاقىرمىدى ، ئاھ ! بۇرۇنقىدەك
مۇڭلىنىدۇ شادلىقى ئۆچۈپ .
رېئاللىققا باقماي نە ئامال ،
تۇيغۇلارنىڭ باغرىدىن كۆچۈپ .

هاپاش ئېتىپ تەشۋىش ، ئازابنى ،
تەنها دەملەر بارماقتا ئۆتۈپ .
ئۇ ئىشىكنىڭ چېكىلىشىنى ،
ئولتۇرىدۇ سەۋرسىز كۈتۈپ .
پەلەمپەيدە قوشنا چوكاننىڭ
تىۋىشلىرى كەتكۈچە يىتىپ .
كەلمەس ھېچكىم ئۆزىدىن بۆلەك ،
ياشلار كۆزىن مەكتۇپلار يۇتۇپ .

ئۈمىد كەبى يىراق — جەنۇبتا ،
ھىجرانىستان ئىچرە بىر سەنەم .
ئاھ ! ئۇنىڭغا باغلار ھەممىنى ،
يوللىرىغا بېقىپ دەممۇدەم .
ئوقۇپ ئاستا شېئىرلىرىنى ،
سېغىنىشقا بولار دەپ مەلھەم ،
ئۆتكۈزىدۇ تۈننى ئاشۇنداق ،
يالغۇزلۇقتەك يالغۇز ئاغىنەم......

بۇ ھاياتنى چۈشەنمىگەنلەر ،
پانىي تۇگۈل قۇچسىمۇ جەننەت .
ئايدەك گۈزەل پەرىدىن ، ھۆردىن ،
قۇچالمايدۇ قىلچە مۇھەببەت .

ياشىغاندىن ساختا ھاياتنى ،
دىلدا پىنھان چېكىپ دەرد ـ ھەسرەت ،
مىزان قىلىپ كۆڭۈل مەيلىنى ،
تەنھالىقتىن تاپقۇلۇق زۇمرەت .

گاھى مەنمۇ ئۆكۈنۈش بىلەن ،
ھەي ، شۇلارنى ئويلىسام ھەر رەت .
چۈشۈمدىكى خىزىرغا ئوخشاش ،
بېرەر دوستۇم روھىمغا رىغبەت .
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئەيىب ئارتىمەن ،
يازالمىسام ئايدا سالام خەت .
تەنھالىقتىن تاپقان ھۇزۇرى
ئۇنىڭ مەندە قوزغايدۇ ھەسەت......

ئۆيى قۇرۇق ، كۆڭلى بىباھا ،
تۇرمۇش ئۇچۇن چەكمەس دەرد ـ ئەلەم .
كىتاب بىلەن مۇزىكا ئۇنى ،
سۆيەر بولۇپ خۇددى يار ـ سەنەم .
چىن بولمىسا سۆيۈش ـ سۆيۈلۈش ،
ئۆي ھەم دۇنيا قارا جەھەننەم .
شىمالدىكى تەنھالىقىڭغا ،
شېئىر سۇندۇم شائىر ئاغىنەم .

2000 ـ يىل سېنتەبىر ، بېيجىڭ

# بەخت مېنى تاشلاپ كەتكەن بىر ئايال

قوللىرىڭنى ئويناپ تۇرۇپ خىرامان ،
ئېيتقانلىرىم راستتۇر ، ئىشەن - ئىشەنمە .
ھىجران ئاخىر بېرىدۇ بار جاۋابنى ،
مەيلى مېنى چۈشەن ياكى چۈشەنمە .

خەتلىرىڭنى ساقلىساممۇ ئىشكاپتا ،
ئۇقۇغۇم يوق ئۇ ئازابنىڭ پىلتىسى .
ئۆز - ئۆزۈمنى ئالدىسام بۇ ھاياتتا ،
قەدەملىرىم بولار دوزاخ قىبلىسى .

قۇلىقىڭغا گۈل قىسقىنىم ئامەتنىڭ ،
كۆتمە ھەرگىز بۇندىن ئارتۇق خام خىيال .
مەن بەختنى چۈشىسەممۇ زېرىكمەي ،
بەخت مېنى تاشلاپ كەتكەن بىر ئايال .

2000 - يىل نويابىر ، تۇرپان

# خازان

سەن مەندىن قانچىكى كەتسەڭمۇ ئۇزاپ ،
قەلبىمگە ئەڭ يېقىن تۇرغىنى ئازاب......

مەست چېغىم ياقتۇرۇپ سۆيگىنىم بىلەن ،
ياشاپتۇق ئەسلىدە بەختتىن يىراق .
چۈشۈمدە قاقاقلاپ كۈلگىنىم بىلەن ،
ئوڭۇمدا باغرىمغا سانجىلار پىچاق .
باھاردا باغچىدا يۈرگىنىم بىلەن ،
چېلىقماس كۆزۈمگە بىرەر تۆتقۇلاق .
كېتىۋەر ، مەن دەردتە كۆيگىنىم بىلەن ،
ساڭىمۇ ھەمراھتۇر تۈگىمەس پىراق .

ياشاپتۇق ئەسلىدە بەختتىن يىراق ،
مەن نادان ، سەن مېنى ۋەدەڭدە ئالداپ .
كەچمىشلەر ئايىماي ياغدۇردى مازاق ،
نىگاھقا خازان رەڭ تۈغلارنى قاداپ .
سۆيگۈگە قالمىدى دىلدا ئىشتىياق ،
ھاي بەرگەن بولسامۇ ھەممىگە چىداپ .
ئىشەنگەن تېغىمدا كېيىك يوق بىراق ،
كېيىك دەپ ئۆزۈمنى يۈرۈپتىم گوللاپ .

چۈشۈمدە قاقاقلاپ كۈلگىنىم بىلەن ،
رېئاللىق كۆزۈمگە كۆرۈنەر خىرە .

سۆيگۈنى ئۇلۇغ دەپ بىلگىنىم بىلەن ،
يوقلىماس قەلبىمنى شادلىقتىن بىرە .
گاھىدا شادلىققا چۆمگىنىم بىلەن ،
كىمدۇر ئاھ ، قىلىدۇ مېنى مەسخىرە .
روھىمدا نەچچە رەت ئۆلگىنىم بىلەن ،
يىراقتىن بىر ئۈمىد سالىدۇ گىرە .

ئوڭۇمدا باغرىمغا سانجىلار پىچاق ،
ئىڭرىدىم مىسالى يارىدار بولۇپ .
ئۈنسىز ياش تۆكتى جۈپ كۆزلىرىم بۇلاق ،
ئەرزىمەس بىرىگە ھازىدار بولۇپ .
بىر چاغدا يېنىمدا كۈلگەنتى ئوماق ،
گۈل نېمە ، گۈلدىنمۇ جىلۋىدار بولۇپ .
كەلگەندەك دۇنياغا تاق ، تەنھا سىياق ،
ئۆتمەكتە يالغۇزلۇق تىلتۇمار بولۇپ .

باھاردا باغچىدا يۈرگىنىم بىلەن ،
زوقۇمنى تارتالماس رەڭمۇرەڭ گۈللەر .
بىرىنىڭ كۆزىدىن يىتكىنىم بىلەن ،
بىرىگە مەبۇدمەن ، ئۇيقۇسىز تۈنلەر .
ئەتىگە مەكتۇپلار پۈتكىنىم بىلەن ،
سۇكۇتلۇك تۇيغۇمدا بىر ئۈمىد ئۈنلەر .
يار ساڭا قەدىرسىز ئۆتكىنىم بىلەن ،
قىممىتىم ئاشۇرار كەلمىشتە كۈنلەر .

چېلىقماس كۆزۈمگە بىرەر تۆتقۇلاق ،
ئۆتمۈشتە تۆتقۇلاق تەرگىنىڭ يالغان .
زارىققان مىنۇتلار ئېچىپ كەڭ قۇچاق ،
قۇياشتەك جىلمىيىپ كەلگىنىڭ يالغان .

مەن مەستخۇش سەن ئۈچۈن توقۇدۇم قوشاق ،
ئىشەندىم ، ئالقىشلار بەرگىنىڭ يالغان .
سوئاللار بوينۇمغا بولغاندا سىرتماق ،
«ئامرىقىم ، بەردەم بول !» دېگىنىڭ يالغان .

كېتىۋەر ، مەن دەردتە كۆيگىنىم بىلەن ،
سېنىمۇ ئارامدا قويمىدى ئازاب .
سالاۋات ئىچىدە كۈلگىنىم بىلەن ،
غاجايدۇ قەلبىمنى چەكسىز ئىزتىراپ .
خازاندەك تەمتىرەپ يۈرگىنىم بىلەن ،
ئادەملىك بەرقىدىن كەتمىدىم ئۈزاپ .
دەرمان يوق ، قان يۇتۇپ ئۆلگىنىم بىلەن ،
سۆيگۈلۈك دىللاردا قالىمەن ياشاپ .

قەلبىمگە ئەڭ يېقىن تۇرغىنى ئازاب ،
ئىستەيمەن ئۆزۈمدىن كېتىشنى ئۈزاپ……

2001 ـ يىل فېۋرال ـ مارت ، تۇرپان

# سەن بېغىمدا تۈنىگەن بىر قۇش

ئامرىقىم كېتىپ قالدىڭ قارلىغاچتەك ،
ئاھ ! مەندىن كېچىپ ياكى ئىزدەپ باھار .
پاك چۇشلەر قۇچقان پاكىز ياستۇقۇمغا ،
ئارمىغان قىلىپ قويۇپ مەزگىلسىز قار .

ئۇنتۇشۇم مۇمكىن ئەمەس سۆزلىرىڭنى ،
نېمىمۇ تاپالارمەن ئۇنتۇش بىلەن .
سەن مېنىڭ دىل بېغىمدا تۈنىگەن قۇش ،
ھەممىنى ئايرىۋەتكەن ئۆتمۇش بىلەن .

ئۇچۇرۇڭ كەلدى ، سېنى كېلەر دېدىم ،
سەھەر ، شام باقتىم يولغا شاملار يېقىپ .
بىر قارا ھىجران سايە تاشلىغاندەك ،
ياش تۆكتۇم ئاچچىق - ئاچچىق سىگارت چېكىپ .

2001 - يىل ئاپرېل ، تۇرپان

# بىلىپ تۇرىمەن

«خەير» دەيسەن ئىزگۈلۈك تىلەپ،
تۇرۇپكىنى قويىسەن ئاستا،
قىيالمايسەن، بىلىپ تۇرىمەن.
شۇ تۇرقۇڭنى چۈشلىرىم ئارا
ئاھ! بىلەمسەن؟ كۆرۈپ تۇرىمەن.

چاقنىغاندا كۆك ئارا يۇلتۇز،
خانەڭ جىمجىت قالغاندا يالغۇز،
ئۇۋۇدىكى باچكىغا ئوخشاش،
يوللىرىمغا باقىسەن ئۇزاق،
جېنىم، بۇنى بىلىپ تۇرىمەن.

دوستلار ئارا بولغاندا پاراڭ،
ئىش چارچىتىپ قىلغاندا گاراڭ،
مېنى بىردىن ئەسلەپ قالىسەن،
دەيسەن قېيداپ: باغرى تاش «ساراڭ.»
كۆرمىسەممۇ بۇلارنى، ئەمما،
ئىشىنەمسەن؟ بىلىپ تۇرىمەن.

تېلېفونىڭ قالسا جىرىڭلاپ،
كەلگەنىمكىن دەيسەن مېنىڭدىن.
ئالساڭ باشقا بىرىدۇر لېكىن،

خۇشال كەيپىڭ ئۇچۇپ كېتىدۇ .
ئاھ ! بۇ ھالەت ئۆزۈمدىكىدەك ،
تۇيغۇم بىلەن بىلىپ تۇرىمەن .

كۆيۈش قىيىن ، ئازابى دوزاخ ،
ئارىمىزدا ھىجران بار ئۇزاق .
دەيسەن تاتلىق خىيالىڭ ئىچرە :
«ماڭا كۈلۈپ ئاچىسەن قۇچاق»
بولمىسامۇ يېنىڭدا ، ئەمما ،
گۆلۈم بۇنى بىلىپ تۇرىمەن……

سەن كۆرگەندەك چۈشۈڭدە مېنى ،
مەنمۇ سېنى كۆرۈپ تۇرىمەن .
بىر كۈنلەردە كۈلىمىز خۇشال ،
مەنسۇپ بولار ئەبەدىي ۋىسال .
ئېتەر ئەللەي باغرىدا ھايات ،
بۇنى سەندەك بىلىپ تۇرىمەن .

2001 - يىل ماي ، تۇرپان



## بويتاق شائىر ، يالغۇز تۇمۇچۇق

بىر يۇز يەتتە كىۋادرات مېتىر ،
سەن كۆرمىگەن مېنىڭ جەننىتىم .
كۇلەر ئۇندا شېرىن چۈشلىرىم ،
بويتاقلىقىم — تاتلىق قىسمىتىم .

ئىزدەپ كېلىپ قالساڭ ناۋادا ،
كىرىۋەرگىن ، ئىشىكىم ئوچۇق .
كەچمىشىمنى سۆزلەپ بېرىدۇ ،
سايراپ تۇرغان يالغۇز تۇمۇچۇق .

خۇشتار بولۇپ قالىسەن چوقۇم ،
سەنمۇ ئۇنىڭ غەمكىن كۇيىگە .
خۇددى مەنمۇ قالغاندەك كۆنۇپ ،
تۇرمۇشتىكى ھەممە نېمىگە .

ئۇستىلىمدە ئۇمچىيىپ تۇرغان ،
ئارگىنال ۋە پۇچۇق پەي قەلەم .
قىلسا ساڭا ئۇنسىز ئىلتىجا ،
ئۆتۇنىمەن چەكمە دەرد - ئەلەم .

سۇكۇتلەرنىڭ شاخلىرى ئارا ،
پورەكلىگىن ، پورەكلە گۇلۇم .

مەن يېنىڭدا ، قالساڭ سېغىنىپ ،
قۇچاق ئېچىپ كەلگۈچە ئۆلۈم……

پۈتۈلىدۇ مىسرالار بىلەن ،
بىر يۈز يەتتە دەپتەرگە چوقۇم ،
تەنھالىقتا كۆرگەن چۈشلىرىم ،
بويتاقلىقىم — تاتلىق قىسمىتىم .

2001 - يىل ئاۋغۇست ، تۇرپان



## كېتىپ قاپسەن سەھەردە

چۈشلىرىمنى بوغۇپ گېلىدىن ،
تاشلاپ قويۇپ بىر قۇچاق سۈكۈت ،
كېتىپ قاپسەن سەھەر جىممىدە .

كىرىسىز — ئاپپاق ياستۇقۇم ئۆزرە ،
تاشلاپ قويۇپ سۈپسۈزۈك ياشنى ،
كېتىپ قاپسەن سەھەر جىممىدە .

ياتقىنىمدا تامشىپ لېۋىمنى ،
تاشلاپ قويۇپ ئاچچىق تېۋىنىش ،
كېتىپ قاپسەن سەھەر جىممىدە .

ئازاب ئىچرە كۆرمەي دېدىڭمۇ ؟
تاشلاپ قويۇپ تاتلىق ئۈمىدنى ،
كېتىپ قاپسەن سەھەر جىممىدە .

كۆزۈمگە ياش كەلدى مۆللىدە ،
كېتىپ قاپسەن سەھەر جىممىدە .

2001 ـ يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# سايرام كۆلى

بوغدا ، باغراش قېرىندىشىڭمۇ ،
يىراقلاردا تەلمۈرۈپ تۇرغان ؟
قوشناڭ قاناس سىردىشىڭمىكىن ،
ئەسىرلەردىن ئىجىل ، مېھرىبان ؟ !

سۈيۈڭ سۈزۈك قەلبىمگە ئوخشاش ،
ئۆزگەرمەيدۇ پەقەت بىرلا رەڭ .
باغرىڭنىڭ كەڭ ، چەكسىزلىكىنى ،
دەيمۇ يەر ۋە ئاسمان بىلەن تەڭ ؟

ھەربىر قېتىم ئۆتسەم يېنىڭدىن ،
سوئاللارغا چۆمۈپ كېتىمەن .
سۈكۈتلەرگە پاتقانلىقىڭنى ،
كىملەرگىدۇر تەققاس ئېتىمەن .

سوئاللارنىڭ چاقمىقى بىلەن ،
بولۇپ كەلدىم بىر ساڭىلا رام .
سۈلىرىڭنى ئىچسەم مارالدەك ،
ساقىيارمۇ دىلدىكى يارام ؟

2001 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# گۈل سۆيگۈسى

دېرىزەمدە ـ تەكچىدە بىر گۈل ،
پورەكلىدى كەچ كۈز پەسلىدە .
يوپۇرمىقى سارغۇچ ، مۇز ـ قىروۋ
جىلۋە قىلار بەرگى ـ ھۆسنىدە .

كۆرگەن كەبى چاشگاھتا يۇلتۇز ،
روھىم ئارا چېقىلدى چاقماق .
گۈلنىڭ پەزلى باھاردا دەپتىم ،
ئۇ ئېچىلدى نېمىشقا بىۋاق ؟

ھاياتنى دەپ پەسىل ئايرىماي ،
ئاھ ! تاۋلاندى چوغدەك قىزىلگۈل .
ئويلاپ قالدىم ئۈنىڭدىن ئۆرنەك —
ئالسا گۈلدەك كۆلمەمدۇ كۆڭۈل……

2001 ـ يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# يۈرەك يىلتىزى

«ۋەتەن
ئاھ ! نوتىسى يېزىلمىغان كۈي» .
قەلبلەرنىڭ تېرەن تەكتىدە ،
پاك چۈشلەرنى تۇرىدۇ يوقلاپ .
ۋەتەن
ياز سەھىرى بالىلىقتىكى ،
كىرسىز ، گۈزەل ساددىلىق بىلەن ،
سەھرا قىزى ياسىۋالغان ئۆي .

ۋەتەن
شامدەك ئۈنسىز كۆيۈش ئۆگىتەر ،
كۆيدۈرەر ؛
مەشۇق كەبى سۆيۈش ئۆگىتەر ،
سۆيدۈرەر :
شائىر ئۈچۈن
يۈرەكتىكى يىلتىزدۇر ۋەتەن .

مەيلى نەدە ، قەيەردە يۈرگىن ،
خىيالىڭغا ۋەتەن كىرىدۇ .
سۆيەر ھەركىم ۋەتەننى شۇنداق ،
ئوخشىمىغاچ ئېتىقاد ، قاراش ،
ۋەتەنگە
ھەركىم ھەرخىل تەبىر بېرىدۇ .

ئۇيغۇردا بار ئۇيغۇرچە خىيال ،
ۋەتەن جاندۇر سۆيگۈگە تىمسال ،
ئەقىدىنىڭ بېغىشى ۋەتەن......

ۋەتەن ، ئاھ ۋەتەن ،
مەن ئوينىغان ئەڭ گۈزەل تويسەن .
قەلبىمدىكى
مەڭگۈلۈك كۈيسەن .

2001 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

## ئەقىدە

كەچ كۆزدە تۇمان باسقان دەرەخلەردە ،
يالىڭاچ تۈيغۇلارنىڭ جۇلاسى بار .
شىرنقلاپ ئۆچۈپ يۇرگەن خازانلارنىڭ ،
قەلبكە پاتمايدىغان نىداسى بار .

گۈل بەرگى شەبنەملەرگە سوغۇق تۆشەك ،
تامچىلار قېتىپ قالغان كۆك مۇز بولۇپ .
قولۇمغا ئالدىم گۈلنى سۆيمەك ئۈچۈن ،
ئىللىتاي دېدىم ، ياق ، ياق ، تومۇز بولۇپ .

ئۇھ بىلەن ئاتەش ئارا پۈچىلاندىم ،
غەش قىلدى دىلنى كەلمىش ۋەھىمىسى .
ئەي دۇنيا سۆيسەڭ مېنى كەچ كۈزنى سۆي ،
ئوپئوخشاش ئىككىمىزنىڭ ئەقىدىسى .

2001 - يىل نويابىر ، تۇرپان

# سۆيۈش مەنتىقىسى

تاغدىن سورىدىم ، تاغ بەردى جاۋاب :
سادا بېرىشنى دەريادىن ئۆگەن !
سۈكۈت كىمدىدۇر ؟ تۇپراق دېدىكى :
چۆك باغرىمغا ، چۆك بىر زامان تېرەن .

گۈزەللىك كىمدە ؟ بەردى گۈل جاۋاب :
يارىتار ئۇنى ئەجرىدە باغۋەن .
ئاشىق سۈپىتى قاي ئىردۇر ؟ بۇلبۇل
دېدى : ئۇ ئايان خىسلىتىم بىلەن .

كۆيۈش نەدىدۇر ؟ ئېيتتى پەرۋانە :
كۆيۈپ كىم مەندەك بولىدۇ هالاك ؟
سۆيۈش ، بەخت ئۇ قەيەردە ؟ دېدى
شام : مەندە ، ئاقار چۆلدىكى بۇلاق .

كەڭلىك نەدىدۇر ؟ ئۇ مەندە ، دېدى
تەمكىنلىك بىلەن پايانسىز ئاسمان .
مېهىر قەيەردە ؟ كۈلۈپ ۋىلىقلاپ ،
بوۋاق دېدىكى : ئانا مېهرىبان .

هەقىقەت نەدە ؟ چېقىلدى ياڭاق ،
ئايرىلىپ مېغىز شاكىلى بىلەن .

دېدى : ھەممىسى تەلغۇ مېنىڭدە ،
پاكىز ئەقىدەم باغرىدا ۋەتەن......

تاغلارغا باقتىم ، دەريادا ئاقتىم ،
ئانا تۇپراققا باغرىمنى ياقتىم .

2002 ـ يىل يانۋار ، تۇرپان



# ئوت

ھازىرقىدەك ئېسىمدە مېنىڭ ،
بىز تۇنجى رەت ئۇچراشقان كۈنى ،
يەر تېگىدىن قىيا باققىنىڭ .
نە بېقىش ئۇ ، كۆزلىرىڭ بىلەن
يۈرىكىمگە ئوتلار ياققىنىڭ .

شۇندىن بۇيان ئەيلىدى ماكان ،
ۋۇجۇدۇمنى بىر تونۇر ئاتەش .
دىدارىڭ يوق ياكى خەۋىرىڭ ،
سوئاللاردا قىينىدى ئەجەب ،
ئېزىتقۇدەك يىراق قاچقىنىڭ .

ئەمما مېنىڭ بىچارە تۇيغۇم ،
ئېيتار شۇنى ماڭا ھەرقاچان :
«— ئۇچرىتىسەن ،— دەپ ئۇنى ھامان ،—
ھازىرغىچە شۇمۇ بىر بەخت ،
ئوتلىرىدا غايىۋى كۆيۈپ ،
سۇلىرىدا ئېرىپ ئاققىنىڭ......»

ئېسىڭدىمۇ ؟ ئېسىمدە مېنىڭ ،
بىز تۇنجى رەت ئۇچراشقان كۈنى ،
يەر تېگىدىن قىيا باققىنىڭ ،

بېقىش ئارا كىرپىك قاقىنىڭ ؛
شوخ خۇمارلىق كۆزلىرىڭ بىلەن
يۈرىكىمنىڭ ئوچاقلىرىغا
ئۆچمەيدىغان ئوتلار ياقىنىڭ .

2002 - يىل ئاپرېل ، تۇرپان



## گە ......

قەلبىمنىڭ شېئىردەك جىمجىتلىقىغا ،
شائىردەك ئىچكىرىلەپ كىرگىنىڭ ئېنىق .
دىدارىڭ رەڭ بەردى تۇيغۇلىرىمغا ،
باھاردا ئېچىلغان گۈللەردەك قېنىق .

بىر ئىستەك مەۋجىدە ئۇچتى روھ قۇشۇم ،
تۇغۇلغان كۆنۈگدە جەنۇبقا بېقىپ .
كەلمىسەڭ دېكابىر چۈشۈمدىكىدەك ،
سەن ياققان شاملاردەك تۇگەيمەن ئېقىپ .

ئىيۇننىڭ كېچىسى تىنجىق ۋە ئۇزۇن ،
يوق تېخى شامالدىن ، يامغۇردىن دېرەك .
ئۇيقۇسىز تەنھالىق پەيزىنى سۈرۈپ ،
كۆي تۆكتى سەن ئۇچۇن مۇندا بىر يۈرەك .

2002 - يىل ئىيۇن ، تۇرپان

# مۇزىكا

يەر تېگىدىن كېلەمسەن ياكى
دېڭىزلارنىڭ ئۆركەشلىرىدىن ؟
روھلار ئارا قىلىپ نامايىش ،
سۇكۇتلەرنىڭ ئۇنلەشلىرىدىن ؟

يىلتىزلارغا ئاققان سۇلاردەك ،
ئاھ ! ئاقىسەن تومۇرلار ئارا .
كۆيەر دىللار ، كۇل بولار تەنلەر ،
ئۇدارلار ئوت ، ئۇدارلار لاۋا .

سەن شەمشەرنىڭ ئۆتكۇر بىسىمۇ ،
يۇيۇلغان پاك زەھەر سۇيىدە ؟
بار ئالەمچە قۇدرەتنىڭ ۋەزنى ،
تارلار تۆككەن كۇيلەر سېھرىدە .

ئىزدىيەلمەس بەزىلەر ھەرگىز ،
تىۋىشىڭدىن شەكلىڭنى بۆلەك .
ئېتىقادتەك مەۋجۇتلۇق بىلەن ،
ئويغىتىسەن ھاياتقا تىلەك .

سېنىڭ بىلەن يارالغان دۇنيا ،
ساپ ئازابتىن پۇتكەن لىرىكا .

سىرلىق ئىنسان ، ئىنسان قىسمىتى ،
ئەسلىي سەندىن كۆلگەن ، مۇزىكا .

2002 - يىل سېنتەبىر ، تۇرپان



# كورلا قىزىغا

سەن نەشپۈتىنىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ ،
كۆرگىنىڭدە ئۇزۇن ، شېرىن چۈش ،
مەن تەبەسسۇم چېھرىڭگە قونغان ،
شېئىر كەبى گۈزەل سىنتەبىر .
نەشپۈت پىشار شاختا مەي بولۇپ ،
كەپمۇ قالدى دىدار دەملىرى .
سەن كېلەمسەن يا مەن بارايمۇ ،
جەنۇب تامان ئۇچقان قۇش بولۇپ ؟

2002 - يىلى ، تۇرپان

# بەشىنچى سىنتەبىر

گۈلۈم
ئۈنتۇلمىغاچ قەلبىمدىن مىنىڭ ،
سىنتەبىرنىڭ بەشىنچى كۈنى .
چۈشلىرىڭدىن يىراق شىمالدا ،
ئارمىنىڭنى قىلىمەن سىنىڭ……

مەن
نويابىردا ئۇچرىتىپ سىنى ،
سىنتەبىردە قالغان ياقتۇرۇپ .
سەن لېۋىمگە كەلگەن لىققىدە ،
ئالتۇن كۈزدە باغدا ، شاخ ئارا
پىشقان نەشپۈتسىمان مەي بولۇپ .

شۇندىن بۇيان
كۆيلىرىمگە چۆككەن سىنتەبىر ،
يۈرىكىمگە مۆككەن سىنتەبىر .
ئەلۋەك پەسىل ئالىقانلىرىدەك ،
هاياتىمنىڭ خامانلىرىغا ،
نەشپۈتتەك قىز تۆككەن سىنتەبىر .
خەقلەر هەيران ، ئۆزۈمگە ئايان ،

دېكابىردا سېنتەبىر چۈشەپ ،
بىر نەشپۈتنى ، ياق ، سېنى كۆشەپ ،
يەكتا ئاشىق بولغانمەن ئاخىر .

مانا
مانا بۈگۈن يەنە سېنتەبىر ،
يۈرىكىمنى چېكەر جىمىمىدە .
مۇڭلۇق ، مىسكىن شېئىرلار پۈتۈپ ،
يىلان يىللىق بىر قىز ھەققىدە .
ئويلاپ قالدىم تۇيۇقسىز شۇنداق ،
ئاي چىقارمۇ نەشپۈت شەكلىدە ؟

سېنتەبىرنىڭ بەشىنچى كۈنى ،
چىن يۈرەكتىن دەيمەن پىچىرلاپ :
قۇتلۇق بولسۇن تۇغۇلغان كۈنۈڭ ،
كۈلۈپ ، مەغرۇر ياشا ھاياتتا .
بىراق شۇنى ئۇنتۇما ھەرگىز ،
ئالدىڭدىكى شاملاردەك كۆيەر ،
مېنىڭ غەمكىن قەلبىم شۇتاپتا......

2002 - يىلى ، تۇرپان

# سارغايغان ئەسلىمە

يوپۇرماقلار مىس رەڭگە كىرگەن ،
ياتار قۇشلار ئورماندا ئۇيچان .
شاخلار ئارا تۇمەنمىڭ يۇلتۇز ،
ھەممە باغلار ئۆزگىچە ئاسمان .
ئاھ ! بىلەمسەن بۇ قايسى پەسىل ،
ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە جانان ؟

كۆللەر ئارا كۇلىدۇ ئاق قۇ ،
شادلىقىنى قىلغانچە كۆرەك .
تۇن ئويغىتار نازۇك ھېسلارنى ،
كەلمىش قۇتنا چوغلىنار يۈرەك .
ئاھ ! بىلەمسەن بۇ قايسى پەسىل ،
ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە جانان ؟

ئېرىقتىكى سۇپسۇزۇك سۇنىڭ ،
شەبنەملەرگە چۇشەر شولىسى .
گۇللەر ئارا ئۇچقان كېپىنەك ،
گۆدەكلەرنىڭ ئوت ، ئابىدىسى .
ئاھ ! بىلەمسەن بۇ قايسى پەسىل ،
ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە جانان ؟

قارلىغاچلار بولغان كەم دىدار ،
غېرىبسىنىپ قالغان پىشايۋان .
ئاق كىشمىشنىڭ قارىدا ئۇرۇق ،
تاۋلىنىدۇ مەرۋايىتسىمان .
ئاھ ! بىلەمسەن بۇ قايسى پەسىل ،
ماڭا ئېيتىپ بەرگىنە جانان ؟

چۈشلىرىمدە چېھرىڭ كۆرۈنمەس ،
سەھەر قىينار قەلبىمنى ئارمان .
مەن دۇنيانىڭ غېرىب بەندىسى ،
ئەللەي ئېتەر باغرىدا ھىجران .
ئۈمىد ، شادلىق بىراقلا يىتكەن ،
ئۇ قاي پەسىل ، قايسى ئاي جانان ؟

ئىزگۇ كۈنلەر يىراقتا قالغان ،
بىز ھىجراندا چەككەن دەرد ـ پىغان .
جۇلدۇركېپەن خىياللىرىمدا ،
نېمىدۇر ئۇ سارغىيىپ پىشقان ؟
ئۇ سېنتەبىر ، ئۇدۇر كۈز پەسلى ،
ئۇنتۇمىغىن ، ئۇنتۇما جانان .

2002 ـ يىل سېنتەبىر ، تۇرپان

# ئايال

دۇنيا تامام ئۇنتۇلۇپ كېتەر ،
كۆز ياشلىرىڭ يامغۇردەك ئاقسا .
قولۇڭدىكى سىرلىق بۆشۈكۈڭ ،
ئاھ ! قورقىمەن تەۋرىنىپ قالسا .

جەننەت دەيمەن سېنى بەزىدە ،
ئۆز ـ ئۆزۈمنى سېزىپ بەختىيار .
گاھ گۆشۈمنى يېگۈم كېلىدۇ ،
سېنى سۆيۈپ يىتكەچ ئىختىيار .

بىراق ساڭا موھتاجلىقىمدىن ،
كېلىپ قالار كۆزلىرىمگە ياش .
ئوت بىلەن سۇ ، ياق ، ياق ئىككىمىز ،
سەن سۇنۇق ئاي ، مەن ھارغىن قۇياش .

گۈلخان بولۇپ يانىمەن شۇ تاپ
بېھىشتە مەن ، دوزاختا گاھى .
سەن سۆيۈملۈك ، مەن ئۇچۇن يەنە ،
بىلىنمەيدۇ ياشاش ئازابى......

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

# كۆز تىۋىشى

گۈگۈمدىكى قىسقا دەملەردە ،
جىمجىتلىقنىڭ پەرۋازىغا باق .
تومۇردىكى سوۋۇماس قانلار ،
چەكسىزلىككە باغلار ئىشتىياق .

ئەندىكمىگىن دېرىزە چەكسە ،
دالىلاردىن ئۈركۈگەن شامال .
تىنجىق يازنى ئۈزىتىپ ئاستا ،
كۆزمۇ كېلىپ قالدى ئېھتىمال .

ئۆتمۈشۈڭنى سالسىمۇ ئەسكە ،
ئۈچۈپ يۈرگەن ئالتۇن رەڭ خازان .
ھەسرەت يۇتما ، ئۆتتى بەربىر ،
ئۇ كەينىگە يانمايدۇ ھامان .

كەچمىش ئالۋۇن جىلۋىسى بىلەن ،
ئۇنتۇلۇشتىن بېرەرمۇ دېرەك ؟
جىمجىتلىقنىڭ پەرۋازىغا باق ،
قىلار ئەمدى نېمىنى كۆرەك ؟

2002 - يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان

## چۈش ۋە ئۈمىد

سۆيۈلمىگەن لېۋىمدە مۇڭ بار ،
ئېتىبارسىز دەملەردە ئارمان .
كۆزلىرىمدە ئازاب رەڭ تۇغ بار ،
ياق ، قەلبىمدە پايانسىز ھىجران .

گۈلسىز قالغان باغلارغا ئوخشاش ،
ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىم تولا .
يوق يېنىمدا بىرەرمۇ سىرداش ،
ئىت قاۋىغان تۈنلىرىم تولا .

ئاران تاپقان كۈلۈشلىرىمدە ،
نازلىنىدۇ ئىسمىسىز ھەسرەت .
خىلۋەتتىكى ئۆكسۈشلىرىمدە ،
كەلگۈسىگە يازىمەن تىلخەت .

ئېيتالمىغان سۆزۈمنى يۇتۇپ ،
قىينىلىمەن چۈشۈمدە ئۇزاق .
نېمىگىدۇر ھازىلار تۇتۇپ ،
شور ئۆتمۈشۈم قىلىدۇ مازاق .

ئۈمىد دېگەن ئوخشايدۇ قىزغا ،
ئادرېسىنى بىلمەيدۇ ھېچكىم .

ئاشىق مىسال كۆڭۈلنى بەرسە ،
كېلىدىغان تۇيۇقسىز ، بەلكىم .

2002 ـ يىل ئۆكتەبىر ، تۇرپان



## يوپۇرماقلار ئۇچماقتا پىر - پىر

كۆز شامالنىڭ كۈيلەشلىرىدە ،
يوپۇرماقلار چۈشمەكتە بىر - بىر .
ئۇنىڭ ئاجىز تىترەشلىرىدە ،
چۆكۈپ بارار يوقلۇققا بىر سىر .

سارغىيىشى مىسكىنلىكىسىمان ،
بوشلۇق ئارا چاقنايدۇ خىرە .
يىراقلاردىن كەلگەن چاڭ - تۇمان ،
كۆلۈپ ئاڭا سالىدۇ گىرە .

قىشنى ، قارنى دېرەكلەپ ئاستا ،
چاچار ئۇنسىز نۇرىنى قۇياش .
تەبىئەتتە ، دىللاردا غۇۋا
ئېيتىلىدۇ بىر ناخشا ئوخشاش .

كەچ كۈز ھىدى سۆيەر دىماغقا ،
يوپۇرماقلار چۈشمەكتە بىر - بىر .
ئوخشار ئۇلار مىسكىن قوشاققا ،
شامال بىلەن ئۇچماقتا پىر - پىر .

2002 - يىل نويابىر ، تۇرپان

# قىزىل تاكسى

«خوش» دېيىشكە بارمىدى تىلىم ،
دىلنى قىيناپ ھىجران ۋە ئازاب .
قىزىل تاكسى خازاننى چەيلەپ ،
كەتكىنىدە يېنىمدىن ئۇزاپ .

شېرىن چۈشتەك چىقماس ئېسىمدىن ،
قول بەرگىنىڭ كۈلۈپ خۇمارلىق .
تەشۋىشلىرىم ئۆزۈمگە ئايان ،
قىسمەت بېرەر مەڭگۈ جۇدالىق .

كۆككە باقتىم خىيالىم چىگىش ،
يۇلتۇزلارنىڭ ئۆچكەن جىلۋىسى .
تېڭىرقىدىم شۇ تاكسى بىلەن
سەن كەتكەن ياق كۆزۈم قارىسى .

شۇ كەچ سەندىن قالغىنى ماڭا ،
ئۈمىدسىزلىك تاشلىغان ئازاب .
سەن بىلمەيسەن ، بىلمەيسەن جېنىم ،
سۆيمىسەڭمۇ ، كەتمىسەڭ ئۇزاپ……

2002 ـ يىل نويابىر ـ دېكابىر ، تۇرپان

# سۆيگۈ

سۆيگۈ ئەمەس كۆزلەردە بېقىش ،
سۆيگۈ ئەمەس سۆزلەر دولقۇنى .
سۆيگۈ ئەمەس تەشتەكتىكى گۈل ،
سۆيگۈ ئەمەس چۆلنىڭ ئالۋۇنى .

سۆيگۈ ئەمەس قەپەستىكى قۇش ،
سۆيگۈ ئەمەس قۇشتا قانات - پەي .
سۆيگۈ ئەمەس يالتىراق شېكەر ،
سۆيگۈ ئەمەس بوتكىدىكى مەي .

سۆيگۈ خىلۋەت ئارا بىر بۇلاق ،
تىنماي ، جىمجىت ئاققان سۇ - مېھىر .
ئۇ چوققىدا ئېچىلغان لەيلى ،
تىكەنلەردىن ئايرىلمىغان سىر .

سۆيگۈ كۆكتە بۇركۇت پەرۋازى ،
ئۇپۇق تامان يول ئالغان قاراپ .
قۇۋۋىتى بار تېپىلماس ئاسان ،
سۆيگۈ ئۇزاق ساقلانغان شاراب .

يېپىسىز لەگلەك ، يىلتىزسىز گىياھ ،
مۇھەببەتسىز ، سۆيگۈسىز ئادەم .

قىسمەت ئازاب ئىچىدە كۈلەر ،
سۆيگۈ بىلەن گۈزەلدۇر ئالەم .

2003 - يىل مارت ، تۇرپان

# پەرىشتىدىن قېچىش

ئاپپاق - ئاپپاق گۈللەرگە ئوخشاش ،
پەرىشتىلەر كۆلەر چېچەكلەپ ،
دوختۇرخانا - باغنىڭ ئىچىدە .
كۈلۈمسىرەپ چاقىرىشلىرى ،
ياڭراپ تۇرار كۈندۈز - كېچىدە .

ئوتقاش رەڭلىك كىرېست بەلگىسى ،
تېلېۋىزور ، گېزىتكە بېزەك ،
ئەسكە سالار هايات - ماماتنى .
«ئاغرىپ قالغۇڭ كېلىدۇ گاهى ،
باغاش ئېتىپ سوغۇق كارىۋاتنى[1] .»

رەستىلەردە يۈرسەڭ بەهۇزۇر ،
پەرىشتىگە قالار ئايلىنىپ ،
ئىستولبىلار ، ئېلان تاختىسى .
ئاغرىسامۇ دەيمەن ئۆزۈمگە :
يېتىپ قالما ، توغرا ياخشىسى .

دال بولمايدۇ ، چۈنكى ، ئوكۇلغا ،
ئۆچىرەتلىك تەكشۈرۈشلەرگە ،

① بۇ ئىككى مىسرا شېئىر شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ .»

ئائىلەمنىڭ پۇتكۈل ئاقچىسى .
مېنى باققان دېھقان ئاتامنىڭ ،
يىللىق ئەجرى — ئۈزۈم ، پاختىسى .

قىزىم قورقۇپ زۇكام ، يۆتەلدىن ،
تومۇزدىمۇ قېلىن كىيىنىپ ،
مەكتىپىگە ماڭىدۇ قېيداپ .
مەن ئەركەكلىك ۋەھىمىسىدە ،
مەي ئىچمەيمەن ھەممىگە چىداپ .

كىم بىلىدۇ ھەرقانداق جايدا ،
يۈز بېرىشى مۇمكىن ھادىسە ،
مېنى سۆرەپ دوختۇرخانىغا .
كىرمىسىمۇ مەيلى پەرىشتە ،
چۈشلىرىمنىڭ گۈلىستانىغا .

باھار كۆلگە قونغان ئاق قۇدەك ،
پەرىشتىلەر يۈرىدۇ ئەگىپ ،
تۆكۈپ مېھىر ، تاشلاپ قانات - پەي .
ئۇنى قولغا ئالايچۇ دەيمەن ،
ئالالمايمەن يەنىلا ھەي - ھەي······

2003 - يىل ماي ، تۇرپان



# شېئىر دېگەن

قەلبىمگە چاڭ سېلىپ تۇرغىنى نېمە؟
ئېھتىمال بىر شادلىق ياكى بىر ئازاب .
توسقۇنسىز خىيالىم خۇددى مەست كېمە ،
دولقۇنلار باغرىدا يوقايدۇ ئۇزاپ .

ئازابسىز ياشىماق ئازابقۇ ئاخىر ،
يوق قىلىش مۇمكىنمۇ قايغۇ - ئەلەمنى .
تەسەللى بولمىسا مىسرالار — شېئىر ،
قۇچاقلاپ ئۆتمەستىم قەغەز ، قەلەمنى .

خۇشاللىق دەملىرى قىسقا بولسىمۇ ،
چاقماقلار تەڭ كەلمەس سۈرى— لەرزىگە .
ھەركۈنۈم ئېيتقۇسىز دەردكە تولسىمۇ ،
مەنىلەر يۈكلىدىم ھايات ۋەزنىگە .

ئۇمىدتىن بەزگەنلەر ئۆلۈككە ھېساب ،
تۇرمۇشتا يەنىلا مۇھەببەت ، قۇت بار .
كۆلمەكتە ئەجرىمدە گۈللەر رەڭ ياساپ ،
يۈرەككە ئېتىقاد تاشلىغان ئوت بار .

ئەمەسمەن تەقدىرگە ، قىسمەتكە رايىش ،
سىنايدۇ ، تاۋلايدۇ روھىمنى ئازاب .

بىھاجەت ئۆزگىگە غوتۇلداش - كايىش ،
ئازابلار باغرىدا كېتىمەن ئۆزاپ......

2003 - يىل ئىيۇن ، تۇرپان



# ھايات ئىشقى

خىياللار سۇرىمەن ، خىيالىم تولا ،
قىينايدۇ مېنىلا ئازاب ھەمىشە .
بېشىم تاش ئۈنىڭدا سوئاللار تولا ،
چىقارمۇ جاۋابى ئىچسەم بىر شىشە ؟

كىملەرنىڭ باغرىدا يىلتىزىم چوڭقۇر ،
كىملەرنىڭ قەلبىدىن ئۆچتۇم بىمەھەل ؟
كىم ماڭا مەدھىيە ، كىم نەپرەت ئوقۇر ،
كىم مېنىڭ بەختىمگە تىلەيدۇ ئەجەل ؟

چۈشۈمدە چېچەكلەپ تۇرغىنى سۆيگۈ ،
ھاياتقا تۇگىمەس قوزغاپ ئىشتىياق .
ئادەم ئۇ ياشاپمۇ قالالماس مەڭگۈ ،
قىسمەت شور ، ئارزۇدىن ئالەمچە يىراق .

خىيالىم تۇغىدۇ سوئاللار تالاي ،
بېرەلمەس ئەتەمگە ھېچكىممۇ تەبىر .
ئېزىتقۇ تۈيغۇلار قىلماستا مالاي ،
مەيلىدى بوپ قالسام تېپىشماق ، بىر سىر .

تۇرمۇشىنىڭ شادلىقى بىردەملىك پەقەت ،
ئاھ ! ئاخىر ماڭىمىز قەبرىگە قاراپ .

بەربىر ھەرقانداق ئالقىش ۋە لەنەت ،
ماماتنىڭ دىلبىرى تۇتقاندا شاراب !

2003 - يىل ماي ، تۇرپان



# ئالدىراشچىلىق

ئۇنتۇشمۇ ئۆيۈمنىڭ سىرتىدا تۇرغان ؟
قورقۇپ ۋە ئاۋايلاپ ئالىمەن قەدەم .
نېمىدۇر روھىمدا تىنماي لەڭ ئۇرغان ،
ئاھ ! مېنى ئۇندىگەن بولۇشقا بەردەم ؟

سىر بولۇپ ياتىدۇ ئوتتۇز پەلەمپەي ،
شاھىتتەك ئۈمچىيىپ ئۆتكەن كۈنۈمگە .
تۇرمۇشنىڭ غەملىرى ياساپ قانات - پەي ،
ئۇچۇرار ئەرشكە ، بەلكى ئۆلۈمگە .

بىر شادلىق تۈپەيلى بىر ئۇھ تارتىمەن ،
بۇ ئېنىق ھەر ئۇھتا دەردلەر بىھېساب .
نامراتلىق ۋەجىنى كىمگە ئارتىمەن ،
ئالغاندا مائاشنى قىلىشىپ ھېساب ؟

قىزىمنى مەكتەپكە ئاپىرىش كېرەك ،
ئېھتىمال ، تەگەيدۇ يەنە مۇئەللىم .
ئىشخانا ، يوقلىما كۈتمەكتە كۆرەك ،
لىفتمۇ ئىشلىمەس بوپ قالار دائىم .

يول تاپقىن ، پۇل تاپقىن دەيمەن ئۆزۈمگە ،
موھتاجلىق كۆكلەيدۇ بېدىگە ئوخشاش .

ئويلايمەن ياش ئېلىپ قارا كۆزۈمگە ،
نەقەدەر سۆيۈملۈك يەنىلا ياشاش......

2003 - يىل ئىيۇن ، تۇرپان

# غەزەللەر

## كىرىشمە

ياش چېغىم بولدۇم گۈزەلگە مۇپتىلا ،
نە گۈزەل ، ئەشئار ـ غەزەلگە مۇپتىلا .

ئۇ مېنىڭ مەيلىمنى ئالدى مەن گويا ،
ھەرىدەك بولدۇم ھەسەلگە مۇپتىلا .

قەلبىمنى تۆكتى نىھايەت ئۈنچىلەر ،
بولمىدىم ئارتۇق لەئەلگە مۇپتىلا .

ئوتىدا كۆيدۇم مىسال پەرۋانىدەك ،
كۆيمىسەم بولدۇم كېسەلگە مۇپتىلا .

سىر ئەمەس قەلبىمدىكى ئارمانلىرىم ،
سۆزلىرىم ھەم مۇجمەلگە مۇپتىلا .

سىردىشىش بولسۇن نېسىپ ئىلھام قىزى ،
كىم ئىرۇر يالغانغا — ھەلگە مۇپتىلا......

## 1

ئايا دوستلار خۇشال قەلبىم ، «مۇقام» ئاتلىق نىگارىم بار ،
بوۋام چالغان مۇقام ـ كۈيگە يۈرەكتىن چىن خۇمارىم بار .

مۇقامنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ، كىشىگە جان بېغىشلايدۇ ،
ئەگەر نىمجان ئىكەن تېنىم مۇقام چالسا مادارىم بار .

بېھىشنىڭ ھۆرلىرى چىققاي كېپىنەكتەك قىلىپ جەۋلان ،
قاچان چالسام دۇتار ، تەمبۇر ، راۋاب ، قالۇن ، ساتارىم بار .

مېنىڭ خەلقىم ئەزەلدىنلا ئىجادنىڭ شاھى ـ سۇلتانى ،
شۇ مىللەت نەسلى مەن ، دىلدا غۇرۇرۇم ، ئىپتىخارىم بار .

نېچۇن مەن يايرىماي ، كۈلمەي مۇقام ئۆز قەدرىنى تاپسا ،
شۇڭا كۆكتىن ئاشار كۈلكەم ، مۇقامدەك يادىكارىم بار .

مۇقامدۇر چوڭ شەرەپ ـ شانىم ، مۇقامدىدۇر مېنىڭ جانىم ،
تازا ھەقلىق مىراسخورمەن ، ۋارىس بولماق قارارىم بار .

## 2

ئاي كۆرۈندۇڭ يار ماڭا ، چولپان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا ،
ئايمۇ بار ، چولپانمۇ بار ، ئاسمان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

ناخشىلار ئېيتقان چېغىم ناخشامغا جان بەردىڭ يەنە ،
قۇت ـ بەخت ئەتكەن باغاش داستان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

ئاھ ئۇرۇپ ياتقان تۇنۇم يەتكەنمىكىن يادىڭغا يار ؟
تاڭ سەھەر كەلسەڭ كۈلۈپ بوستان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

رىشتىمىزنىڭ چەشمىسى چۆللەر ئارا بولدى ئايان ،
شەپقىتىڭنىڭ مەۋجىدە ئوكيان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

گۈل ئارا گۈلدىن گۈزەل يار تېپىپ كۈلمەمدۇ جان ؟
ئەڭ يىراق كەلمىشتىكى ئارمان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

ئۆزمىدىم سەندىن ئۈمىد قەترە جان قالغاندىمۇ ،
كېچىلەر نۇرلار چېچىپ گۈلخان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

لەۋزىمىزگە لەۋ سوزۇپ يوللارسىرى كەتتۇق ئۇزاپ ،
سەن ماڭا جان بەرگۈدەك قۇربان كۆرۈندۇڭ يار ماڭا .

3

(مۇۋەششەھ)

ئاشۇ دەم ئاھ ، دېدىم قاتتىق دىلىمدىن قايىندى ھەسرەت ،
ئۆزۈمگە مىڭ سوئال بەردىم ، ھەزىل قىلغانمۇ بۇ قىسمەت ؟

باھارنىڭ گۈللىرى كۈلگەن سورۇنلاردا خازان ئۆچتى ،
يوقالغانمۇ ماڭا راستتىن دىدارلاشماققا ، ھەي ، پۇرسەت ؟

ئاۋامنىڭ ئىچىدە ئەردىڭ ، پەزىلەت بابىدا زەردىڭ ،
يولۇڭدىن تايمىغان ھەرگىز ئۆزۈڭنى باسسىمۇ كۈلپەت .

باھادىر ئىزدىسە ھەركىم بولالايتتىڭ باھادىر ھەق ،
تىرىلسە رۇستەمى قايتا تاپاتتى سەنچىلىك ھۆرمەت .

ئەزەلدىن كاج پەلەك ، تەقدىر ئەزىزلەرنى مازاق ئەتتى ،
دىلى مەجرۇھ يورۇق تاڭدا ، بىدارلارنى باسار زۇلمەت .

كۈيۈڭنى ئاڭلىسا بۇلبۇل قالاتتى لال بولۇپ بىردىن ،
ساڭا لايىق ئىدى ئەلدىن يېغىپ تۇرغان شەرەپ ـ نۇسرەت .

رېئاللىق ئاخىرى شۇنداق كېتىپسەن بىزگە «خوش» ئېيتماي ،
مىراس ئەشئارلىرىڭ قالدى بولۇپ مەڭگۈ مادار ، رىغبەت .

ئەجەلنىڭ كۆزى تەگكەنمۇ مۇشۇ ھىجران بىلەن ئاخىر ،
ۋە يا ھەييام سوراتقانمۇ قىلايچۇ دەپ سېنى ئۇلپەت ؟

ئەمىن تاپقانمىكىن روھىڭ چۇشۇمگە خۇش كۇلۇپ كىردىڭ ،
ئوقۇپ نەزمە چىمەن ئىچرە قولۇڭدا ئوينىتىپ زۇمرەت .

مەگەركى سەن بىلەن مەنمۇ كېتىپ قالسامچۇ پانىيدىن ،
پاراسەت زەمزىمى ئىچسەك كۇنۇتۇن قۇرۇشۇپ سۆھبەت .

ئەلەملىك تولغىنىپ يۈردۈم ، مۇسىبەتلىك خىيال قىلسام ،
قېچىپ شادلىق يىراق مەندىن ، يۈرەكنى ئۆرتىدى فۇرقەت .

تۇغۇم بىرلە ئۆلۈم تىزگىنىنى ئۆزى تۇتۇپ كەلدى ،
كى مەھشەر كۈنى دادىم بار ساڭا جاي بەرمىسە جەننەت .

4

ئارچىلارغا قارىسام كەلدى زوقۇم ،
بەستىدە باتۇر ـ باھادىر ھەيۋىسى .

شاخلىرى ياۋغا قادالغان ئوق مىسال ،
نەكى ئوق ، سۇنماس قىلىچ يا نەيزىسى .

كۇن ـ تۈنى تۇپراققا بولغاچ پاسىبان ،
مات بولۇپ تۇرغان زۇلۇمنىڭ تەلۋىسى .

بەلكى بىر جەڭگاھ ئىدى بۇ تاغ ـ ئېدىر ،
قايسى چاغ يىتكەندۇ تاڭ جەڭ غەلۋىسى ؟

ھەرنە تاش ياۋۇز رەقىبلەر باشىدۇر ،
چوققىلار كەتكەن شېھىتلەر قەبرىسى .

چىم ـ شىۋاق ، ئات ـ ئارغىماقنىڭ يايلىمۇ ؟
سۇ سۇزۇك يوقسۇل يېشى يا سەۋرىسى .

پۇر قىلىپ ئۆچقان ئەسىرلەر ئەۋجىدە ،
قالدى ـ دە ئۆتمۈش بولۇپ ھەي ھەممىسى .

ئارچىنىڭ ھۆسنىدە كۆردۈم نۇر ـ ئۈمىد ،
بۇ شەرەپ مەنمۇ ئۇنىڭ بىر نەۋرىسى......

5

ئاق چېچىڭ ئاپپاقلىقى ئامەت ماڭا ،
قاپقىڭ تۇرگەنلىرىڭ راھەت ماڭا .

تاغ سۇپەت بەستىڭ پۈكۈلدى تال بولۇپ ،
ئۆتۈنۈپ بەردىڭ چىنار قامەت ماڭا .

«ئال» دېدىڭ پۈتمەس خەزىنە كەچمىشىڭ ،
ھەم غۇرۇر ، جەسۇرلۇقۇڭ ئادەت ماڭا .

ۋارقىراپ قويغانلىرىڭ ئۆمرۈمدىكى ،
ئەڭ بەخت قۇچقان مىنۇت ، سائەت ماڭا .

ئەسلىدىن بولغاچقا سەندەك ئوت يۈرەك ،
بولغۇسى ئۈلپەت ھامان نۇسرەت ماڭا .

ئايلىنىپ كۆردۈم جاھاننى نەچچە رەت ،
يوق سېنىڭ باغرىڭ سۈپەت جەننەت ماڭا .

نان ۋە تۇز بەرگەنلىرىڭگە شۈكرىكىم ،
بۇردىسى ئالەمچە چوڭ ھىممەت ماڭا .

ئاپىراي ئالتۇن تەختتە مەن سېنى
مەككىگە ، بەرگىن دۇئا ، قۇدرەت ماڭا .

**6**

ئالدىراپ گۈلنى سۇنۇپ يار دەپتىمەن ،
قەلبىدە مەنلا پەقەت بار دەپتىمەن .

لەۋزىنى ئالتۇن بىلىپ چەكتىم پىغان ،
ئالدىماس كۆڭلى تۇرۇپ قار دەپتىمەن .

تويمىغۇر نەپسى مېنى قىلدى ھالاك ،
مەن نادان ، قىلمايدۇ جان كار دەپتىمەن .

ئۇخلىماي تۈندە يېزىپ نامە، شېئىر،
كۆرمىسە قاتتىق نومۇس ـ ئار دەپتىمەن.

نامىنى دائىم قىلىپ دىلدا زىكىر،
سۆيمىسەم كەڭرى جاھان تار دەپتىمەن.

خەجلىدىم سۆيگۈم ئاڭا بولدى بەدەل،
مەيلىدى قىلمىسىلا خار دەپتىمەن.

ئاھ ئۇرۇپ گاھى ئېقىتسا ياشىنى،
ھەي، ئۇنى تەشنا ماڭا، زار دەپتىمەن.

لام دېمەي كۆپتىن بۇيان چاچتىم زىيا،
مەن ئۇنى نۇر كۆرمىگەن غار دەپتىمەن.

ئىقتىدا قىلدىم سەھەر، شام تەڭرىگە،
شەرتلىرى بولماس ئۇنىڭ دار دەپتىمەن.

قەلبىدە يوقكەن ۋاپا، ئىنساب ئەجەب،
مەن ئۇنى بىلمەي، نېتەي، يار دەپتىمەن.

7

ئامرىقىم چېھرىڭ گۈزەل بوستانچە بار،
ھەمدە كۆڭلۈڭ كەڭلىكى ئاسمانچە بار.

ياندۇرۇپ قەلبىمدە سۆيگۈ يالقۇنى،
قىينىدىڭ، تەپتى ـ كۈچى گۈلخانچە بار.

شەپقىتىڭ بىرلە ياشاردىم ، كۆكلىدىم ،
دىلدىكى مېھرىڭ ئۇلۇغ ئوكيانچە بار.

«ئەخمىقىم» دەيسەن يېنىمدا ئەركىلەپ ،
ھەر سۆزۈڭ ۋەزنى بۈيۈك داستانچە بار .

مەنزىلىم ، بەختىمنى تاپتىم نۇر چېچىپ ،
كۆزلىرىڭ سۆبھىدىكى چولپانچە بار .

گۈل دېسەم ، يات كۆزىدىن تۇرغىن يىراق ،
ئۇشبۇ كۆڭلۈم تارلىقى زىندانچە بار .

ئۈزمىدىم رىشتە سېنىڭدىن بىر مىنۇت ،
بەلكى تەندە بۇ جېنىم ئالىقانچە بار .

لەۋلىرىڭ ئارمان ماڭا ئۆمرۈم بويى ،
قەسىمىم مەڭگۈ ھالال ، پاك نانچە بار .

8

ئايمۇ سەن ، يۇلتۇزمۇ سەن ئاسماندىكى ؟
ياكى نۇر خۇرشىد بىلەن چولپاندىكى ؟

رو چىۋىن بولدۇم يېنىڭدا چۆرگىلەپ ،
مەن ئۇچۇن ئارمانمۇ سەن ئارماندىكى ؟

زارىقىپ باقتىم يولۇڭغا ، ئەي لەۋەن ،
گۈلمۇ سەن تاڭ ئەركىسى بوستاندىكى ؟

ئۇخلىسام كىردىڭ چۈشۈمگە كېچىلەر ،
بەلكى شوخ دولقۇنمۇ سەن ئوكياندىكى ؟

گاھ مېنى باغرىڭغا تارتساڭ ئەركىلەپ ،
ئاھ ، دېدىم ، ئاتەشمۇسەن گۈلخاندىكى ؟

ئۈزسە ئوق نائەھلىلەر قان يىغلىدى ،
كۆچمۇ سەن - قۇدرەتمۇ سەن ۋولقاندىكى ؟

لەۋلىرىڭ بولسۇن لېۋىمنىڭ قىبلىسى ،
سەن گۈزەل مىسرا ماڭا داستاندىكى .

9

ئايازنىڭ باغرىدا يارەب ۋىسال ئورمانلىرى قالدى ،
باھاردا باغ - چىمەن ئىچرە يۈرەك ئارمانلىرى قالدى .

تېۋىنسام تەڭرىگە ئەمما ، شاياتۇن قولىنى سۇندى ،
مېنى ھەييامغا يار ئەيلەپ شاراب ئوكيانلىرى قالدى .

تۆكۈلسە تەرلىرىم ئەلۋەك ، بىراق كۆزدە نېسىۋەم ئاز ،
خاماندا لەيلىدىم خەستەك ، خىيال بارخانلىرى قالدى .

جانانىنىڭ چېھرىدە باغلار ئايان بولدى (مېنى گوللاپ ) ،
ئۆزۈلمەس كۆيلىرىم ئىچرە ئىشق گۈلخانلىرى قالدى .

ئۆزۈمنى ئىزدىدىم ھەقتىن ، تالاي جەڭنامىلەر كۆردۈم ،
باھادىرلار كېلىپ كەتتى ، قىلىچ ، ئوقدانلىرى قالدى .

نىھايەت سايىگە ئوخشاش ھاياتتا بولمىغان مۇتلەق ،
قەلەمنى ئوينىتىپ كۆلدۈم ، پىكىر مارجانلىرى قالدى .

نىيازى ياخشىلىق ئەيلە ، قولۇڭدىن كەلسە ئالەمدە ،
شۇ چاغ ئىپتىماس ساڭا ھەركىم : غەزەپ ۋولقانلىرى قالدى .

## 10

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «سىڭىنىش» ناملىق شېئىرى ئىزىدىن )

ئەي پەرى ، كۆرمەي سېنى گويا قاراڭغۇ بۇ جاھان ،
توغرىكەن ، بەك توغرىكەن ، بۇ «ئايرىلىش راستتىن يامان !»

ھەرقاچان ئېسىمدىدۇر كەتكەندىكى ئېيتقان سۆزۈڭ ،
«قالدى سەندە يۈرىكىم ، بول ، سۆيگىنىم بولغىن ئامان !»

مەن ئۇزاتقان يەردە قالدىم ، ئامرىقىم مۇڭغا چۆكۈپ ،
يىغلىدىم ، كۆپ قاقشىدىم ، كۆز ياشلىرىم ئاقتى راۋان .

يىغلىغاننى كۆرمىدىڭ يا بىر خەۋەرمۇ بەرمىدىڭ ،
ئۇشبۇ سۆيگۈ يولىدا ئالدىمنى توستى تاغ - داۋان .

ئارمىنىزغۇ بەك يىراق ، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن ،
سەن ئوڭۇمدا كەلمىسەڭ ، تۈندە چۈشۈمگە كەل جانان .

سەۋر - تاقەت قىل نىياز ، كۈتكىن ۋىسالدىن چىن ئۈمىد ،
كېلىدۇ يار جىلمىيىپ ، شۇ چاغ تۈگەيدۇ دەرد - پىغان !

## 11

(مەشرەپكە تەقلىد)

ئەي نىگار، ۋەسلىڭدە ئۆلگەن بارمىكىن،
ئۆلمىسە غەملەردە يۈرگەن بارمىكىن؟

تۈندە شام بولسا دىدارىڭ ئاھ، نېتەي،
سۈبھىدە ئاتەشتە كۆيگەن بارمىكىن؟

قەدىمىڭ يەتسە كوچامغا نە بولۇر؟
تىزلىنىپ تۈپراقنى سۆيگەن بارمىكىن؟

قاي كۈنى كۆردۈم، بىراق سەن كۆرمىدىڭ؟
مەن كەبى لال يەنە كۆرگەن بارمىكىن؟

بىر ئۈچۈر بەرگەن چېغىڭ كەلمەك بولۇپ،
كەيىنى قوش تويدا سۈرگەن بارمىكىن؟

دىلرەبا، سەندىن كۈلەر ئارمانلىرىم،
ئۆلمەيىن ئۈمىدنى ئۈزگەن بارمىكىن؟

ئاھ! نىياز دىلدارغا بولغىن ھەمنەپەس،
دىلبىرى كۈلمەستە كۈلگەن بارمىكىن......

## 12

بەخت كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپ، ئۆزۈم خىلۋەتتىكى قارمەن،
يۈرەكىمگە پىغان ھەمراھ، گويا مۈڭ تۆككۈچى تارمەن.

چۈشۈمدە باغ ئارا يۈرسەم خىزىر يوقلاپتۇ خانەمنى ،
كۆزۈم ئاچسام بېشىم يامغۇر ، رەزىل شەيتانلىغا يارمەن .

سەھەر گۈلگە بېقىپ ئاستا مۇھەببەت نەزمىسى پۈتتۈم ،
ئۈچۈر دەۋرى قولۇم قىسقا ، كى سۆيگۈ ئالدىدا خارمەن .

مېنى گوللاپ يوچۇن قىسمەت تىنىمسىز ئۈردى ، مات قىلدى ،
هايات بۈركۈت قانات قاققان ، ماجالىم يوق پەقەت سارمەن .

ھەبىبلەر تەنقىدى پايدا بېرەرنى بىلمىدىم ئەسلا ،
رەقىبىم كۈلدۈرۈپ ئېيتقان سانا ، ئالقىش ئارا شارمەن .

بوۋام قازغان بۇلاق يىللار ئۆتۈپ كى ئاھ قۇرۇپ كەتتى ،
نىگاھىمدا ئۈلۈغ ئوكيان ، نىهايەت تامچىغا زارمەن .

ساناقسىز سىرلىرى بىرلە تېپىشماق ئەسلي ئادەملەر ،
شۇ يەڭلىغ يوقلىماس ئاي ، كۆن مىسالى قاپقارا غارمەن .

بۈگۈن ئاھ ، دەپ يىقىلسامۇ تۇرۇپ كەتتىم كۈلۈپ ئەتە ،
بۇلۇتنى تىرىگەن چوققا ۋۇجۇدى ، روھىدا بارمەن……

**13**

باغدا يۇلتۇز گۈلى كۈلدى رەڭ تۈزەپ ،
خۇش پۇراق پۇركۈپ دىماغقا ۋاھ ئەجەب .

تاڭ بىلەن هۆسنىگە باقسام ، بەرگىدە
يالتىرار شەبنەم قۇياشقا ئەركىلەپ .

مەھلىيا بولدى ئاڭا مېھمانلىرىم ،
كەتمىدى باغنى سەھەر ، شام پەتىلەپ .

كەلدى كۈز ، باستى قىرووْ ، ئۈچتى خازان ،
ناتىۋان بولدۇم ئۈنىڭدىن ئەنسىرەپ……

ئۆتتى قىش ، ئىللىپ جاھان كەلدى باھار ،
يىلتىزى بىخ ياردى قايتا ھەسسىلەپ .

ئەسلىدە مۈشپىق ئانا تۇپراق ئۈنى ،
قوينىغا ئالغانىكەندۇق پەپىلەپ .

ئويلىدىم : مەنمۇ گويا يۇلتۇز گۈلى ،
تۇپرىقىم — خەلقىم مېنى تۇرغان يۆلەپ .

**14**

(مۇۋەششەھ )

بىلدۇرۇپ كەلدىڭ ۋاپا باغىم ئارا ،
گۈللىرىم بولغاچقىمۇ چىن دىلرەبا .

ئۇخلىماي تۈندە يېزىپ چىققىنىم شېئىر ،
خىسلىتىڭ كۆچتى يۈرەكىمگە گويا .

لالىلەر مەيلىڭنى ئەپ كۈلدۈردىمۇ ؟
ئاڭلىدىم كۆپتىن بۇيان قىلدىڭ ناۋا .

بۇ باھار تۇغدى ئاجايىپ خاسىيەت ،
يامغۇرى بىرلە چىمەن ياشناپ راسا .

ئۇچۇرما بولدى خىياللار مەندىمۇ ،
كەل ، دېدى ئۆز قوينىغا چەكسىز ساما .

لال بولۇپ كۆيدۈم كۆيۈكۈمنىڭ ئوتىدا ،
نەۋ باھار سۆيگۈم ئۇچۇن خۇددى ئانا .

**15**

بېشىم قاتتى دىدارىڭچۇن تاپالماي پەسلى ئىمكاننى ،
كۆرۈنمەسكە قارار ئەيلەپ ماكان قىلدىڭمۇ پىنھاننى ؟

بېغىمدا خۇش كۈلۈپ تۇرغان قىزىلگۈل ھۆسنىدە شەبنەم ،
ئەجەب ئۇنتۇلدۇرۇپ قۇتنى ، شەرەتلەپ ئۆتتى ھىجراننى .

ئۇزۇن تۈنلەر قارا چۈشتە ئازاب باغرىمغا سانجىلمىش ،
سەھەر ئوت ئىچرە تولغاندىم يازالماي نەزمە - داستاننى .

كېلىۋەر مەيلى خانەمگە كېلىشنى ئىستىگەن بولساڭ ،
لېكىن ، كەلمەسلىكىڭ قىينار مېنىڭدەك بەلكى نىمجاننى .

مازاق قىلدى شۇڭا ياتلار ، ھەبىبلەر ئەكسىچە ھەيران ،
سەمەندەردەك تاۋاپ قىلسام بولۇپ سەۋدايى گۈلخاننى .

سېنى دەپ ئازمىقىم بەرھەق ئەقىلدىن بىر كۈنى ئاخىر ،
ئەسىر بولساڭ گۇمانلارغا توسۇپ باغلارنى - بوستاننى .

نىيازى يار بىلەن ئۆتكەن مىنۇتنىڭ قەدرى مىڭ يىلدۇر ،
مېھرىنىڭ ۋەزنى چۈشمەسمۇ بېسىپ تاغلارنى ، ئوكيانىنى ؟

## 16

پەلەكنىڭ ھەر دېمى دەريا ، مۇراد قىرغاق ، ئۆزۈم سالمەن ،
مىنۇتلار ئەۋجىدە پۇتكەن ئېقىننىڭ بويىدا تالمەن .

قويۇپ ئىخلاسىنى پاكىز ئانىلار باقسا ئادەمنى ،
بولۇپ كەتتۇق نېتەي رەڭۋاز ؟ ياقا چىشلەپ ئەجەب لالمەن .

يىراق كەچمىشتىكى قىسمەت مىراس قالغايمۇ نەۋرەمگە ؟
بوۋاق ئەردىم تۇنۇگۇن ئاھ ! بۇگۇن ھەسرەت يۇتۇپ چالمەن .

ئۆمۈرلۈك سەپدىشىم بارمۇ ؟ ئىشەندىم بىرسىگە ئاخىر ،
نىھايەت ئالغىنىم ئوغا ، ساۋاقتۇر بۇ ، بېرىپ بالمەن .

ساڭا دۇنيا مېنىڭ بەرگەنلىرىم بەك كۆپ ، نېسىۋەم ئاز ،
جاۋابى يوق سوئاللاردا بېشىم بىر تاش سېلىپ پال مەن .

ماماتنىڭ بورىنى كەلسە يۇرەكنى ئۆرتىگەي بەرھەق ،
ھاياتنى سۆيمىكىم ئارزۇ بولۇپ تالڭ مەڭزىدە خال مەن .

## 17

پېشانەمگە پۇتۇلگەندۇر سېنىڭ ئىشقىڭدا يانماقلىق ،
ئېنىقسىز بولسىمۇ ئاخىر شېرىن ۋەسلىڭگە قانماقلىق .

بازار كەزدىم ، ئۆيۈڭ باردىم ، تىلەك بىر رەت دىدارىڭدۇر ،
خىيالغا كىرمىدى ئەسلا تاپا ـ تەنىگە قالماقلىق .

ئەقىدەمگە گۇمان قىلما ، ئىرادەممۇ پولات بولدى ،
ئۇدۇمۇمغا ئەزەلدىن يات بوشاپ ئارقىغا ياناماقلىق .

كۇھىقاپ زۇلمىتى ، دوزاخ ئوتى ھەرگىز ئەمەس دەھشەت ،
ئۆلۈمدىنمۇ كېلەر ئېغىر ئىشق بابىدا چاناماقلىق .

نىيازى ، بولدى قوي سۆزنى ، سىنايدۇ مەردنى مەيدانمۇ ،
بۈيۈك مەقسەتكە يەتمەكتە كېرەك ھەر چاغدا سالماقلىق .

## 18

پۇل نېمە ، ئالتۇن نېمە يار ئالدىدا ،
جان نېمە ئەل ئوغلىغا دار ئالدىدا ؟

قانىتى بولغانغىلا قۇش بولمىغاي ،
كۆكتىكى بۈركۈت بۈيۈك سار ئالدىدا !

تاغدا بار تاغلارغا خاس ھەيۋە ، خەتەر ،
گاھىدا مۆلدۈر ياغار قار ئالدىدا .

سۆيگۈنى كۆچمەس قورام تاشتىن سورا ،
ئۇچىدۇ سەلكىندە قۇم ، شار ئالدىدا .

شاھ نېمە ، قۇلچۇ ؟ پەقەت ئادەم ئىرۇر ،
پەرقى يوق قەبرە ئاشۇ - غار ئالدىدا .

ئەي نىيازى ، نىسپىي ئەمەسمۇ ھەر نېمە ؟
ئويلىغىن يوقنى ھامان بار ئالدىدا .

## 19

تەۋەللۇتتا دىلىم دۇشەنبىدە غەمگە تاۋاپ بولدى ،
غەلەت بولدۇم ،سىرىم سەيشەنبىدە لەۋگە شاراب بولدى .

ئەقىدەمدىن چىچەك ئاچتى كى چارشەنبە بولۇپ بىر گۇل ،
توزۇپ ئەمما، مىسال پەيشەنبىدە پالغا جاۋاب بولدى .

يا نازىنىن ، سەتەڭ ياكى سوئال بىرلە جۈمە كەلدى ،
كۆيۈپ ئاخىر نىتەي چۈشلەر شىرىن شەنبە كاۋاپ بولدى .

يولىغا كۆپ - ئۇزاق باقتىم ، بۇ يەكشەنبە كىلەر يار دەپ ،
خەۋەرمۇ يوق كۆزۈمدە ياش شىئىر - كۇيگە ئازاب بولدى .

نە ئەيلەيىن قىقىپ پەينى كىتىپ قالدى بىراق ھەپتە ،
ئىرىقتا سۇ — ئۆمۈر ئاقتى ۋاقىت - كۇنگە خاراب بولدى .

پىغان ، كەچمىش بىرىپ ئىلھام ، پىكىر ، ھېكمەت پۇتۇپ يۇردۇم ،
ئۇلار ئىبرەت بىلەن تولغان تىخى نەچچە كىتاب بولدى .

نىيازى ، قاقشىما ھەرگىز ھاياتتا قىسمىتىڭ ئۇشبۇ ،
كۆزۈڭ يۇمغان مىنۇتلاردا ساۋاق كۆپكە خىتاب بولدى .

## 20

تەڭ كىچە كىردىڭ چۈشۈمگە ، ئايمۇ سەن ، چولپانمۇ سەن ؟
ئاينى دەپ چەكسەم پىراق ئاي بولۇپ تولغانمۇ سەن ؟

ئۈيقۇلۇق ئاچسام كۆزۈم ، خانەم ئارا يالغۇز ئۆزۈم ،
ئىنتىزار بولدۇم يولۇڭغا جەننەتۇل رىزۋانمۇ سەن ؟

ئىم جىنىم تاپماي ئارام ، باردى ئەدەپ دىلدا يارام ،
شەپقىتىڭ بىرلە ياشارماق ئىستىكىم ، لوقمانمۇ سەن ؟

ئىختىيار مەيلى مېنى سەن بىلمىسەڭ يار - ئاشىقىڭ ،
بىر يېنىپ ئۆچكەن ئەبەد يا تۇندىكى گۇلخانمۇ سەن ؟

سەۋردىن رايىم يېنىپ ، ئاھ ! ئىزدىدىم يىغلاش قېنىپ ،
ھەممىدىن كەچكەن چېغىم قۇت بەرگۈچى سۇلتانمۇ سەن ؟

ئايلىنىپ قاتتى بېشىم ، سەندىن بۆلەك يوق سىردىشىم ،
ئاقىدۇ يامغۇر يېشىم ، يانىمدا يوق يالغانمۇ سەن ؟

## 21

تاغ گۈلى ، تاغ گۈللىرى تاڭغا بېقىپ ،
ئەركىلەر ئالتۇن قۇياشتا ئەۋرىشىم .

سۇمبىكىن ، يامغۇرمىكىن شەبنەملىرى ؟
ئېڭىشىپ باقتىم ئاڭا ئاقتى يېشىم .

كىم بىرى «ئۆزمەڭ» دېدى ، كۆردۈم قاراپ —
بىر پەرى ئالدىمدا ، بۇ ئوڭمۇ - چۈشۈم ؟

مەن دېدىم : كەلگەنمۇ تاڭدا سەيلىگە ،
ئۇ دېدى : گۈللەردە بارغۇ كەلمىشىم .

مەن دېدىم : ھەق ، بۇ مۇشۇ تاغلاردا بار ،
سىز ئەمەس ، ھەتتا مېنىڭمۇ ئۆتمۇشۇم.

ئۇ دېدى : تاشلار ئەمەسمۇ روھ ، چىدام ،
چوققىلار كۆككە تاقاشقان قول ، بېشىم ؟

مەن دېدىم : گۇللەر گۈزەل ئارزۇ كەبى ،
يوق مېنىڭ گۇللەرنى ئۈزمەك قىلمىشىم.

كۇلدى ئۇ «شۇنداقمۇ ؟» دەپ كەتتى ئۈزاپ ،
بەردى تۈيغۇمدا ئورۇن يازغا قىشىم......

## 22

جاھاننى بىر ئوماق قىز دەپ ، ئاتا دېھقان ئانا دەيمەن ،
تۆكۈپ كۆي ئەجرىگە دىلدىن يەنە ھەمدۇسانا دەيمەن .

بەخش ئەتتى ھاياتلىققا گۈزەللىك ئۇ بولۇپ رەسسام ،
مەگەركى كىم كۆزىن يۇمسا ، بۇنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەيمەن .

تومۇز ئىسسىق ، بوران ، يامغۇر قىلالمايدۇ ئۇنىڭغا كار ،
گويا دېھقان قىران بۈركۈت ، ئېتىزنى كەڭ ساما دەيمەن .

ماراق قىلما ئۇنى دوستۇم شەھەر رەستىدە ئۇچراتساڭ ،
قاداق باسقان قولىنى سۆي ، ئۇ كۆزلەرگە داۋا دەيمەن .

تەمەننادىن يىراق قەلبى مىسالى قار كەبى ئاپپاق ،
قۇياشنى تاج قىلىپ بەرسە ، ئۇنىڭغا ئەڭ راۋا دەيمەن .

مېنى باققان ، سېنى باققان ، ئۇنى باققان ئەزىز دېھقان ،
ئاشۇ سۆزنى تۇمار ئەيلەپ قىلار بۇلبۇل ناۋا دەيمەن……

ئاتام دېھقان ، ئانام دېھقان ، ئۇلارنى ئەۋلىيا دەيمەن ،
ھېسابسىز تەرلىرى ئالتۇن ، ئاڭا دىل مەھلىيا دەيمەن .

دىلىمدا ئارمىنىم يوقتۇر ئۇلارغا قۇل بولۇپ ئۆتسەم ،
ئاداشماستىن ئانام خانىش ، ئاتامنى پادىشاھ دەيمەن .

ئېتىز ، قىرنى بىلىپ قىبلە قىشۇياز تەر تۆكەر تىنماي ،
ئۇلۇغلاپ شۇڭىمۇ داننى گويا زەر ، كەھرىۋا دەيمەن .

ئىزى بار تاغدا ھەم سايدا ، ئۇنى سۆزلەيدۇ گۈلشەنلەر ،
ھەۋەس قىلماي سۇلايمانغا ، ئۇلارغا مەرھابا دەيمەن .

جاھاندا قېنى كىم بىر كۈن ياشاپ باقسۇنچۇ ئاش - نانسىز ،
تەخت ئەيلەپ يۈرەكىمنى كى دېھقان مىڭ ياشا دەيمەن .

## 23

جاھان رەنالىرى گۈلدۇر ، مېنىڭمۇ بىر گۈلۈم بار ھەق ،
گۈلۈم دەپ كۈنۈتۈن ئېيتقان تىلىمدا بىر كۈيۈم بار ھەق .

مۇھەببەتتىن تۇغۇلدۇم راست ، مۇھەببەت دەپ بېرەرمەن جان ،
ئۇنىڭسىزمۇ كى ئىنسانغا ھامانە بىر ئۆلۈم بار ھەق .

ھاياتنىڭ تىلسىمى كۆپتۇر ، پەقەت مۇتلەق ئەمەس بارچە ،
مۇرەككەپلىك ماڭا ھەمراھ ، ئۇتۇم بىرلە سۇيۇم بار ھەق .

بۈگۈن كۈلسەم بەخت ـ قۇتتىن تۆكەرمەن ئەتە ياشمنى ،
ئاڭا ئەقلىم ئەمەس ھەيران ، ئازابلىق بىر كۈنۈم بار ھەق .

سەھەر باغدا قىلىپ سەيلە ناھارنىڭ قەدرىگە يەتتىم ،
ئاشۇ دەملەر ئۇچۇق زېھنىم ، تولۇن ئايسىز تۈنۈم بار ھەق .

كىيىپ شاھ تاجىنى ئۆتكەن باھادىرلار قايان كەتتى ؟
يەنە ھاتەم ، يەنە لوقمان ، قارا يەردە «ئۆيۈم» بار ھەق .

ئىجادنى يار تۇتۇپ ئۆلسەم يۈرەكتە قالمىغاي ئارمان ،
پۈتەر ئەۋلاد بۈيۈك قامۇس ماڭا خاس باب ، بۆلۈم بار ھەق .

## 24

(ئابدۇقادىر جالالىدىنغا تەقلىد )

جانان بار يۈزلىگەن جانان ئىچىدە ،
جاھان بار دىلدىكى جاھان ئىچىدە .

كىم كىمگە مېھرىبان ، بۇنىسى تىلسىم ،
خىلمۇخىل ئادەم بار ئىنسان ئىچىدە .

ھاياتتا ئادەمنىڭ ئىستىكى قانماس ،
ئارمان بار سۆيۈملۈك ئارمان ئىچىدە .

خانەڭگە خۇش كۈلۈپ كىرگەنلەر مېھمان ،
شۇندىمۇ مېھمان بار مېھمان ئىچىدە .

دېڭىزنىڭ مېۋىسى ئۈنچە ـ مارجانۇر ،
قىممەتلىك گۆھەر بار مارجان ئىچىدە .

قەيەردىن كەلدۇق بىز ، بارىمىز قايان ،
كارۋان بار سەپ تۈزگەن كارۋان ئىچىدە .

ئېرىشىش — يوقىتىش ، يوقىتىش — ۋىسال ،
مۇھەببەت تاۋلىنار ھىجران ئىچىدە .

ئادەملەر سۆيگۈدىن سۆيگۈ تاپىدۇ ،
بولغاندەك ئوت ـ ئاتەش گۈلخان ئىچىدە .

نىيازى ، كۆل مەيلى قالساڭلا ياشاپ ،
تائەبەد ھەر شېئىر ، داستان ئىچىدە……

## 25

چۈشۈمنى قايتۇرۇپ بەرمەي ئىلاھ قىينايدۇ قەلبىمنى ،
ئازابلارنى قىلىپ سوۋغا ئەجەب تىلغايدۇ قەلبىمنى .

شاراب بىرلە كۆڭۈل ئاچسام قاۋاقلارغا قويۇپ باشنى ،
سەرەتان ئالۋۇنى ئوخشاش پەرى چىللايدۇ قەلبىمنى .

سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ خىيالىم قۇش بولۇپ ئۇچسا ،
خىزىر كۆزدىن يىراق بولمىش ، ئازاب خىللايدۇ قەلبىمنى .

قانات سۆرەپ كېچە كەلسە يورۇتقاي باغرىنى يۇلتۇز ،
مېنىڭ كۆتكەنلىرىم نەدە؟ رەقىب تىلغايدۇ قەلبىمنى .

ئۇپۇققا تەلمۈرۈپ باقسام شاياتۇنغا كېپەن ئارتىپ ،
«ياشاپ كەت ئەزىمەت» دەيدۇ ، ئۈمىد ئويnaيدۇ قەلبىمنى .

## 26

چىناردەك قامەتى بارلار چىناردەك سۇنمىسا دەيمەن ،
باھاردەك ھالىتى بارلار ئايازدا سولمىسا دەيمەن.

قازاندا قايىنىغان يارما ، چۆمۈچتە بولسا ھەم يارما ،
يامان ، ياخشى بولۇپ بىر سەپ قاتاردا تۇرمىسا دەيمەن .

ھاياتنىڭ تىلسىمى كۆپتۇر ، ئۇنى يەشمەك بەسى مۇشكۇل ،
سۆيۈشكەنلەر ئارا قىلدەك بىرەر سىر بولمىسا دەيمەن .

چىمەندە سايرىغان بۇلبۇل چىمەننى ئاشىيان ئەتسە ،
كېلىپ قۇزغۇن بىلەن قاغا دەرەخكە قونمىسا دەيمەن .

قارا ، كاج بولسىمۇ قىسمەت ، ھايات ئۇ ھەممىدىن قىممەت ،
بەختىنىڭ ئۇستىگە قايغۇ پەقەت توي قۇرمىسا دەيمەن .

ئىشەنچ بەرگەن سەۋرلەردىن نىيازى ئالسىمۇ ئىنئام ،
ئىشەنگەنلەر ئۇنى ئاخىر ئازابتا قويمىسا دەيمەن .

## 27

چۈشۈمنى بۇزغىنى نۇرمۇ ؟ كۆزۈم ئاچسام يورۇق رام بار ،
مانا ئالدىمدا يادنامە بولۇپ تۈندىن سۇنۇق شام بار .

مېنىڭ ئادەملىكىم ئەسلى ئىجاد ، مېھنەتتە قۇت تاپقاي ،
ئۇنىڭدىن قاڭقىبان چىقسام يولۇمدا ھاڭ بىلەن تام بار .

قىرىق بىر قۇش ئۇچۇپ ئۆتتى تېخى پەرۋازدا ھازىرمۇ ،
پىكىر تۇغقان شارابلاردىن تولۇپ تۇرغان لەئەل جام بار .

ھايات ئۇ بولسىمۇ چەكلىك ، نېتەي روھىمدا چەكسىزلىك ،
ئۇرۇپ لەڭ كۇنۇ تۇن قىينار ، تاشار ساھىلغا ئەييام بار .

ئۇزۇمنىڭ شەربىتىن ئىچسەم مېنى قارغايدۇ بەزەنلەر ،
قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۇردۇم ، يېنىمدا چۇنكى ھەييام بار .

نېسىۋەمنى باھار ، يازدىن دېسەم قار ياغدى ئاسماندىن ،
پەقەت لال بولمىدىم ، نەدە ماڭا ھەر كۇندە بايرام بار ؟

نىيازى سېنى ئالدايدۇ ، ئاگاھ بول تۇلكە خۇيلاردىن ،
ئۇلاردا ھەل بىلەن پۇتكەن قۇرۇق ئالقىش ، قۇرۇق دام بار .

## 28

(شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۇرگە مەرسىيە)

خەۋەرگە پۇتمەيىن يۇردۇق ، دېبان : بۇ چۇشمۇ ، چاقچاقمۇ ؟
ئاشۇنداق شىر سۆپەت ئوغلان كۆزىن يۇمغاندۇ قانداقمۇ ؟

پىغانلىق ياش تۆكۇپ بوغدا بېشىن ئەگدى مۇسىبەتتە ،
سېلىپ لەرزىگە تاغلارنى چېقىلدى كۆكتە چاقماقمۇ .

ناۋاسىز قالدى باغ ـ گۇلشەن ، خىرە نۇرلار چېچىپ چولپان ،
جۇدالىق تاشلىغان تەقدىر ئاشۇ پەيت بىلمىدۇق ساقمۇ ؟

داۋانلار ھالقىغان كارۋان تېخى مەنزىلگە يەتمەستىن ،
ئەزەلدىنلا ئەجەل ياكى قەدىردانلارغا قىلتاقمۇ ؟

ئازابنى يارىتىپ كەڭرى ، بەختنى بەرمىگەن تەڭرى ،
تېپىشماققا جاۋاب نەدە ، ئۇ ھەم ياخشىغا ئامراقمۇ؟

## 29

(ئۇستاز رىشىت مەخسۇت خاتىرىسىگە )

خەۋەرنى ئاڭلىدىم گويا ، ۋۇجۇدۇمنى چايان چاقتى ،
دىلىم دەردلىك ، كۆزۈمدىن ئاھ ! يېشىم يامغۇر بولۇپ ئاقتى .

پەقەت بىر ئاي بۇرۇن دەرقەم تۇرۇپ سۆھبەتكە يار بولغان ،
مىنۇتلار بەرقىگە يادىم قۇشى ھالسىز قانات قاقتى .

جاھاندا شىر سۇپەت ئەر كۆپ ، شۇلار ئىچرە مۇنەۋۋەرسىز ،
پاساھەتكە بۆشۈك بولغان دىلىڭىز قار كەبى ئاقتى .

ساناقسىز مەردىمەيدانلار ياقا چىشلەپ ئېتەر ھۆڭرەك ،
نىجىس كېسەل ئۇ ئالەمگە پەدەرنى تاش قىلىپ ئاتتى .

قاتار تۇرغان تېرەكلەردەك جىمى شاگىرت مۇسىبەتتە ،
بۇ ھالغا تىل كېلەر ئاجىز ، جۇدالىق جانىغا پاتتى .

يىراقتا بوزلىدى بوغدا ، قەدىم ئاستانە ھەم بۇيلۇق ،
يەنە شۇ خۇي بىلەن قىسمەت ساڭا چەپ كۆزىدە باقتى .

خەۋەرنى دېمىگىن يالغان ، مانا ماتەمدە يۇرت - تۇرپان ،
ئەجەب بولدى دەرىخا ئاھ ! يۇرەكلەر خۇن بولۇپ ئاقتى !

## 30

دۇر تۆكۈپ كەلدىڭ جاھانغا ھەي ئاتا ،
جان ئۆلاپ يىلغا ، زامانغا ھەي ئاتا .

ئېھتىرام كۈتمەي ئۆكۈزدەك ئىشلىدىڭ ،
بوپ گۇۋاھ ياخشى ، يامانغا ھەي ئاتا .

ھەمسەپەر تۇرغاي ساڭا ماڭساڭ قاراپ ،
تاڭ سەھەر ئېتىز ، خامانغا ھەي ئاتا .

قانچە رەت باش قويغىنىڭنى كىم بىلەر ؟
قۇت بىلىپ بۇغداي ، سامانغا ھەي ئاتا .

ئالتۇنۇڭ ، ياقۇتلىرىڭ پۇتمەس چىدام ،
ئۇ مىسال تاغقا - داۋانغا ھەي ئاتا .

نانۇئاش بەرگەن قولۇڭ مەككە ماڭا ،
سەنكى تەڭ دىلدا ئىمانغا ھەي ئاتا......

## 31

دەرد - پىغان ئۇردى مېنى توقماق بولۇپ ،
بىر مەھەل تۇردۇم چىداپ دۇمباق بولۇپ .

ئۇخلىسام كىردى چۈشۈمگە ھەسرىتىم ،
شادلىقىمنى بوغدى ئاھ ! سىرتماق بولۇپ .

نه قىلاي بەختىم قارامۇ؟ بىلمىدىم،
كۆڭۈللىرىم قىستى ئەجەب قىسماق بولۇپ.

ياخشىلىق قىلسام مۇكاپات يوق تېخى،
ئۆزگىدىن ياندى تالاي قىلتاق بولۇپ.

ئاخىرى قىسمەت دېدىم ـ دە ھەممىنى،
چاقنىدىم تۈنلەر ئارا چاقماق بولۇپ.

## 32

رەقىبىم كۆڭلىگە ئوخشاش قېشىڭنى قاپقارا كۆردۈم،
مېنىڭ جانىمنى قىيناشقا چېچىڭنى دار، بالا كۆردۈم.

ئەگەر تاڭدا بېغىم ئىچرە قىزىلگۈلدەك كۈلەر بولساڭ،
بولار ھەيران گويا بۇلبۇل نىھايەت بىناۋا كۆردۈم.

يىراقتىن تەلمۈرۈپ باقسام قۇچاقلايسەن مېنى نۇردەك،
ئەجەب سىرلىق تېپىشماقسەن، يېقىندىن بەك غەۋۋا كۆردۈم.

ھىدايەت يولىدا تەڭرى سېنىڭ ھۆسنۈڭنى يار قىلدى،
نېتەي كۆڭلۈمدە ئارمان يوق، سېنى ئۆز دىلرەبا كۆردۈم.

ئارام نەدە ماڭا تۈندە، پەقەت ۋەسلىڭ مۇرادىمدۇر،
بىۋاپالىقنى ھاياتىمغا مىسال چوڭ گۇناھ كۆردۈم.

نېمىشقا سەن ئۇچۇن كۆيگەن دىلىم ناخشاڭغا جور، چۈنكى
كېيىكنىڭ كۆزىدەك ئوتلۇق كۆزۈڭدە قۇت، ۋاپا كۆردۈم!

رېئاللىق مەسخىرە ئەتسە، مېنىڭ ھالىمغا كىم يەتتى؟
قاچان باسقان چېغى مۇگدەك ئاۋازىڭنى سادا كۆردۈم.

ئەزەلدىن كاجمۇ بۇ قىسمەت، يوچۇن ئوت باغرىغا ئاتتى،
كاۋاپ بولدۇم كۆيۈپ، ئەمما سېنى تەڭ مۇپتىلا كۆردۈم.

يۈزۈمنى سىلىدى سەلكىن، كى چۆش باغرىدا يۈرگەندە،
كۆزۈم ئاچسام يېنىمدا سەن، مۇھەببەتتىن جۇلا كۆردۈم.

ھاياتىمغا سوزۇلغان يول تۇتاش ئەتەڭ بىلەن بىلسەڭ،
سېنى سۆيگەچكىمۇ ئاخىر سۆزۈڭنى بىباھا كۆردۈم.

«ئاگاھ بول» دېدى دۈشمەنلەر مېنى شۈبھە بىلەن گوللاپ،
ئۆزۈم بىر قۇش، قىلاي پەرۋاز، ئىشەنچىڭنىساما كۆردۈم.

نۇرۇڭنى بەر بولۇپ خۇرشىد، يولۇڭغا ئىنتىزار باقتىم،
سېنىڭسىز ئۇشبۇ ئالەمنى كۆزۈمدە قاپقارا كۆردۈم.

## 33

رىيازەت چەكمىكىم ئامەت، سېنى سۆيمەي تۇرالمايمەن،
خىيال سائەتلىرىم تىنماس، سېنىڭسىز داڭ ئۇرالمايمەن.

ئەجەبلەنمە، ياقا چىشلەپ شېرىن ۋەسلىڭگە زار بولسام،
ئۆزۈڭ يوق شەنبىلەر تەمسىز، پەقەت سۆھبەت قۇرالمايمەن.

يۈرەكىم ياشلىرى ئەلۋەك، چىمەنلەرنى ئاۋات قىلغاي،
توسۇقلار كۆپ، جامالىڭنى سېغىنغاندا كۆرەلمەيمەن.

ھايات تىلسىملىرى رەڭدار ، ئاۋامغا جۇپ تېپىشماق بىز ،
كوچا - رەستە كۆتۈرمەيدۇ ، يېنىڭدا جاي تۇتالمايمەن .

«ئامان بولغىن» دۇئايىم شۇ ، ئۇزۇن تۇنلەر ئىبادەتتە ،
مىسال بىر مۆرىتى كەلسە سېنىڭسىز سۇ يۇتالمايمەن .

نىھايەت بىزگە كاج قىسمەت زەبۇنلۇقنى راۋا كۆرسە ،
سېنى ئالماي يىراقلارغا گويا قۇشتەك ئۇچالمايمەن .

## 34

رىشتىمىز مەڭگۈگە ئارقان بولدىمۇ ؟
ئەھدىمىز ئۆچمەسكە گۈلخان بولدىمۇ ؟

ئايلىنىپ باغنى باھاردا نەچچە رەت ،
مەڭزىمىز گۈللەرگە مارجان بولدىمۇ ؟

بايلىقى سۆيگۈ دېگەننىڭ چىن ۋاپا ،
قەلبىمىز شادلىققا ئوكيان بولدىمۇ ؟

ئىنتىلىش دىللارغا چېگرا سالمىدى ،
سۆيگۈمىز ياتلارغا پىنھان بولدىمۇ ؟

يوشۇرۇپ يۈرگەن گۇناھمۇ كۆڭلىنى ،
پەيلىمىز شەيتانغا پايخان بولدىمۇ ؟

ئەسلىدە بۇ كاج تەلەيگە رەك بېرىپ ،
سەۋرىمىز يالغانغا قالقان بولدىمۇ ؟

## 35

رىغبىتىم يوق ئاھ ! مېنىڭ يار ، شەنبە كەل ،
مەيلى شەنبە كەلمىسەڭ ، يەكشەنبە كەل !

ئەرزىگەي دىدارغا ھەر كۈن ، ھەر سائەت ،
دىل بېغىمغا دۇر تۆكۈپ دۈشەنبە كەل !

ھەپسىلىم يوق كۈتكىلى ۋە ساقلىقىم ،
سەۋرلەرنى سۇندۇرۇپ سەيشەنبە كەل !

ئېپتىخارىم نەدىدۇر ، قانداق قىلاي ؟
چاقچىقىڭدا چارچىماي چارشەنبە كەل !

مېھرىبانىم سەن گويا شوخ قارلىغاچ ،
پەيلىرىڭ پەرۋازىدا پەيشەنبە كەل !

ئەسلىدىن قەلبىمدىكى بىر گۈل ئىدىڭ ،
جىلۋە بىرلە يا جۈمە يا شەنبە كەل !

## 36

زارىقىپ باقتىم يولۇڭغا تۈنلىرى ،
شام بولۇپ ئاقتىم قولۇڭغا تۈنلىرى .

ئۆسكىلەڭ ساچىمنى ئويناپ شوخ شامال ،
ئىنتىلىش ئاتتىم نۇرۇڭغا تۈنلىرى .

هالسىراپ مۇڭغا چىلاندىم ، كەلمىدىڭ ،
بەندىمەن ياتتىم بۇلۇڭدا تۈنلىرى .

رەنجىشىڭ خەتلەردە ئىزھار بولمىدى ،
بۇت كەبى قاتتىم قۇرۇڭدا تۈنلىرى .

ئەيلىدىم رىشتىمنى ئارقان شۇندىمۇ ،
تاشلىدىم - چاتتىم پۇتۇڭغا تۈنلىرى......

**37**

زېرىكىش سالدى دىلىمغا ئىزتىراپ ،
ئۆلپىتىم بولدى سەھەر - شام مەي - شاراب .

ئەيلىدىم پىنھاننى قۇتلۇق بىر ۋەتەن ،
ئۇنتۇلۇپ دوستلارغا ، كەتتىم مۇڭسىراپ .

ياخشىلىق ئىنئاملىرى بولغاچ يالا ،
بەرمىدى قىلچە ئاراملىق دەرد - ئازاب .

تەمبۇرۇم تۆكتى غەزەل - كۈي توختىماي ،
نىم جېنىم قالدى تېنىمدە هالسىراپ .

ئۇيقۇلۇق ياتسام ، چۈشۈمنىڭ باغرىغا
يىقىلىپ چۈشتۈم تۇيۇقسىز قانسىراپ .

نەمدىدى قىرتاق يېشىم ئاغزىمنى ، ئاھ !
ئاقتى ھەي ! ئۆرتەپ يۈرەكنى قىپ كاۋاپ .

ئەسلىدە ئامەت ئەمەس، ئاپەت بولۇپ،
بۇۋاپا قىلغان مېنىڭ ھالىم خاراب......

## 38

سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالغان كۆڭۈم مەھشەرگە ئوخشايدۇ،
رەقىبلەر كۆلكىسى جانغا پاتار، خەنجەرگە ئوخشايدۇ.

كۆڭۈلۈن يىغلىبان ئۆتسەم مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
سۆزۈك ياشلار بىلەن تولغان كۆزۈم، ئەختەرگە ئوخشايدۇ.

كۆڭۈل قەسرىم پەقەت سەنلا ئۈچۈن داغدام ئىدى ئەي، يار،
خىيالىم سەن تامان ئۇچقان غېرىب كەپتەرگە ئوخشايدۇ.

سالام يازدىم، غەزەل پۈتتۈم ئەزىز نامىڭ قىلىپ زىكرى،
ئەقىدە گۈللىرى كۆلگەن دىلىم دەپتەرگە ئوخشايدۇ.

دىدارىڭنى قىلىپ سۈرمە كۆزۈمگە سۈرگۈدەك بولدۇم،
ئەگەر سەنلا كېلەر بولساڭ چۈشۈم دىلبەرگە ئوخشايدۇ.

يولۇمغا ئاتلىنىپ چىقساڭ ۋىناس بولغاي ساڭا قولداش،
چاۋاك چالغان جىمى گۈللەر بويى ئەنبەرگە ئوخشايدۇ.

«جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس»،
ۋاپا ئالتۇن نىيازى، ئاھ! گويا زەرگەرگە ئوخشايدۇ.

## 39

سۆيگۈدە مەندەك جاپاغا قالدى كىم؟
تەلمۈرۈپ مېھىر - ۋاپاغا قالدى كىم؟

ئەل ئارا بولدۇم مىسالى بىر گادا ،
قالسىمۇ مۇنداق تاپىغا قالدى كىم ؟

لەۋزىدە تۇرغاننى بىر ئۇچراتمىدىم ،
كۆلكىنى ئىزدەپ خاپىغا قالدى كىم ؟

ئىنتىلىش سالدى يۈرەككە مىڭ يارا ،
بۇ سۆپەت مۇتلەق خاتاغا قالدى كىم ؟

مەيلىدى ئۈچ رەت كۆلۈپ ، بەش يىغلىسام ،
چارە يوق ، تەگسىز بالاغا قالدى كىم ؟

ئەسلىدە ئادەم ئاتانىڭ قىسمىتى ،
ئۆزگىچە ، ئاھ ! مۇپتىلاغا قالدى كىم ؟

**40**

(شائىر دىلشات قىيۇم نۇرغا چاقچاق )

( 1)

سەرسان يۈرۈپسەن ئاڭلىسام ئالما ، دەپ دىلشات ئىنىم ،
ئالما يۇرتى — غۇلجىنى ئەسلەپ ، ئېتىپ ھەم ياد ئىنىم .

ئالمىلار ئوخشاپ بۇ يىل ئارماننى كۆلدۈرگەن بىلەن ،
نەرخى ئاشماي رەستىدە ، باغۇەننى قىلدى مات ئىنىم .

ئالمىدىن ئەتسە شاراب ئىچىشىپ بەرسەك ئىدۇق ،
شۇ خۇسۇس ئەمگەكچىنىڭ كۆڭلىنى قىلساق شاد ئىنىم .

ئالمىلىق باغلار ئەجەب قالدى نىگاھلاردىن يىراق،
شاختىكى يۇلتۇز تۇرۇپ بولدى نېچۇن بەربات ئېنىم.

قاق قىلىپ باسقان بىلەن چاغلىق خېرىدارى ئۇنىڭ،
مەيلى داغلاپ، ئۇچۇرۇپ توپ ھەمدە پارچە سات ئېنىم.

يانچۇقى تومپايمىسا دېھقان دېگەننىڭ، سەن بىلەن
نەدە بىزگە بولمىقى مەزمۇت چىنار، شەمشاد ئېنىم.

«ئەل غېمى — ئەرنىڭ غېمى» دەپتىكەن، گەر تەدبىرىڭ
يەتسە قاچاندا ۋايىغا ياستۇقنى قىرلاپ يات ئېنىم.

ئالما رىشتى بىر ئېچىق بولغاچقا چاقچاق باشلىدىم،
مەيلى كۆپسە قورسىقىڭ دەردلەرنى يالغۇز تارت ئېنىم.

(2)

سەجدە قىلدىڭ شام - سەھەر ئالمىلىق باغقا قاراپ،
ئالما سۇنغان شۇ گۈزەلنىڭ ھۆسنىنى ئەيلەپ تاۋاپ.

ئالما پىشقان بۇ پەسىل باغلاردا بۇلبۇل سايرىسا،
ئېيتقىنا يازماي شېئىر بولدۇڭ نېچۇن ھالى خاراب؟

سەندىكى ئىلھام ئۇچۇن بولغانمۇ ئالما شەرت - ئۇدۇم؟
شۇندىمۇ لايىق ئەمەسقۇ مۇنچە چەكمەك ئىزتىراپ؟

ئالمىلىق باغلاردا بار شاھلارغا خاس كاتتا ھۇزۇر،
ئۇنتۇلار بارچە ئازاب ئاڭلاپ غەزەل، ئىچسە شاراب.

ئەنە باق ، ئۇچسا سابا ، گۇل نازلىنار رەققاس بولۇپ ،
پەي مىسالى يەڭگىل ئۆزۈك ، جىسمىڭ ئارا مەستلىك تاراپ .

ھالقىلىق پەيتتە ھامان سىنىلار ئاشىق دېگەن ،
يىتتۇرۇپ قويما ئۇمىدنى بولساڭمۇ بول ئاتەش - كاۋاپ .

ئالمىدىن سۆزنى ئېچىپ چاقچاقتا چاچقۇ تاشلىدىم ،
كۆلمىكىم بەرھەق ئىرۆر بەرسەڭ ماڭا دەرھال جاۋاب .

**41**

شادلىقىڭ قالسۇن ساڭا ، ھەسرەت ماڭا ،
زىننىقىڭ ھەر كۆلكىسى قىممەت ماڭا .

ئاق سۇتۇڭنىڭ تامچىسى بەردى ھايات ،
نە ھايات ئالەمشۇمۇل قۇدرەت ماڭا .

كۆزلىرىڭنىڭ نۇرىدىن چېھرىم يورۇق ،
سۆزلىرىڭدىن تۆكۈلەر شەپقەت ماڭا .

كۆيسەن بەختىم ئۇچۇن ئاتەش بولۇپ ،
سەن ئۇلۇغسەن ، شۇڭا بار ھۆرمەت ماڭا .

بىمەھەل سەندىن يىراق كەتكەن چېغىم ،
تۇيۇلار باغرىڭ ئېسىل جەننەت ماڭا .

ئالىقىنىڭ بۇردىسىنى قىلدىم تاۋاپ ،
مەيلى خەق ئەتسۇن مازاق ، لەززەت ماڭا .

ئىككى ئالەم كۈنۈتۈن ئەجرىڭنى دەپ ،
جان ئانا ، بەرھەق ئۆمۈر خىزمەت ماڭا .

## 42

شەنبىدە كېلەلمىسەڭ يار ، مەن باراي ،
بولسىمۇ يەكشەنبىدە قار ، مەن باراي .

دەيدۇ كىم دۈشەنبىنى دىدارغا يات ،
تەلمۈرۈپ سەيشەنبە ئاھ ، زار مەن باراي .

مەيلى گەر چارشەنبىدە چىقسا بوران ،
باش ئېگىپ پەيشەنبە گۈلنار ، مەن باراي .

جىلۋىدە كەلدى جۈمەمۇ سەن كەبى ،
بولسىمۇ ياتلار كۆزى دار ، مەن باراي......

كەلمىسە شەنبىدە پۇرسەت ئۇھ دېمەي ،
ئارقىدا يەكشەنبىمۇ بار ، مەن باراي .

ئۇنتۇما دۈشەنبىنى ، خىسلەتكە باي ،
تەڭ كېچە يوللار ئەمەس تار ، مەن باراي .

ياقتۇرۇپ قالدىم ئەجەب سەيشەنبىنى ،
سەنكى نۇر ، قەلبىم گويا غار ، مەن باراي .

چايدا مەن ھۆسنۈڭنى كۆردۈم ناشتىدا ،
بولسىمۇ چارشەنبە چاچ چار ، مەن باراي .

پەپىلەپ ئۈچتى شامال پەيشەنبە تۈن ،
يوق پەقەت ئۆزگىچە دىشۋار ، مەن باراي .

ئۆلمىسۈن بىۋاق دىدارنىڭ دەملىرى ،
كۈت جۈمە ، خانەڭدە دىلدار مەن باراي .

**43**

(شائىر روزى سايىتقا مەرسىيە )

شۇم خەۋەردىن گاس قۇلاق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟
بىر يولى بىزدىن يىراق كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

تېخى ئون بەش كۈن بۇرۇن ئىلچىدا جەم بولغانىدۇق ،
قالدى ئەمدى بۇ پىراق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

نەچچە رەت دىدارلىشىپ چاقچاق گۈلى قىسقانىدۇق ،
بەزمىدە تۈزدۇق قوشاق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

قىشۇياز ، قىردا ـ ئېتىزدا كەتمەنگە كۆنگەن بۇ كۆڭۈل ،
سېنى يادلار ھەي بىراق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

«تەس »لىرىڭنى ئوقۇغان دېھقان ئاتام تۆكتى يېشىن ،
دېدى ھەم «روزى بۇلاق » ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

بىر ئەمەس ، مىليون يۈرەك ، سېنى سورايدۇ ھەم ئېتىز ،
باشلىرىن ئەگدى باشاق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

قالدى كۆپ ئارزۇلىرىڭ ۋە قىز پېتى ماۋزۇلىرىڭ ،
سۇندى سەپتە بىر ياراق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىكا ؟

يىغلىدۇق ، كۆپ قاقشىدۇق بۇ كاج پەلەكنىڭ ئۇستىدىن ،
يېشىمىز ئاچچىق هاراق ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىگا ؟

بۇ هاياتنىڭ بەرگىنى ئالغانلىرىغا ئەرزىمەس ،
هەر سۆزۈڭ بولدى چىراغ ، كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىگا ؟

سۇندى سەپتە بىر ياراق ، قالدى يۈرەكتە دەرد - پىراق ،
ئاه ! بۇگۈن بىزدىن يىراق كەتتىڭمۇ شۇنداق روزىگا ؟

**44**

غېمىمنى ئاۋۇتۇپ تۇرغان سوئاللاردا پەقەت سەن بار ،
بېشىمنى تاش قىلىپ قويغان خىياللاردا پەقەت سەن بار .

نېمىشقا گۇل بولۇپ بەختىم ئېچىلمايدۇ ، دىلىمدا دەرد ،
قارا قىسمەت كەبى مۇدهىش زاۋاللاردا پەقەت سەن بار .

چۈشۈمنىڭ ئىشىكىن چەككەن شاياتۇن دەپتىمەن ئەسلى ،
شاياتۇندىن خەۋەر بەرگەن شامالاردا پەقەت سەن بار .

هاياتنى ئىمتىهان بىلسەم ، جاۋابى خۇددى تىلسىمدۇر ،
مۇرادىم يولىدا تۇرغان قامالاردا پەقەت سەن بار .

باهاردا تېرىسام ئاشلىق ، كى كۈزدە كۆزلىرىم ياشلىق ،
كۆڭۈلگە غەش ، ئازاب سالغان پاخالاردا پەقەت سەن بار .

ياڭاق چاقتىم ، بادام چاقتىم ، نېتەي ئاخىر ساۋاق تاپتىم ،
مېغىزلاردىن نېسىۋەم ئاز ، شاكالاردا پەقەت سەن بار .

تونۇگۇن ياش ئىدىم ، ئەمدى ئۆمۈرنىڭ گۈگۈمى كەلدى ،
دىدىم ئەپسۇس ، ئىچكىمدە ساقاللاردا پەقەت سەن بار .

نىيازى قاقشىما ئارتۇق ، ھايات ، تۇرمۇش يولى شۇنداق ،
بابالار سۆزىگە لايىق ماقاللاردا پەقەت سەن بار .

**45**

غەمكى ئۇ باشقا گەپ ، شادلىق باشقا گەپ ،
كۈچ - قۇۋۋەت باشقا گەپ ، ياشلىق باشقا گەپ .

ئۇنتۇلۇش قەلبىڭگە قىلسىمۇ ئەلەم ،
شۇ سەۋەب تۇپەيلى پاكلىق باشقا گەپ .

نىھايەت ئاقچاڭ يوق ، ۋاپاغا باي بول ،
ئەقىدە باشقا گەپ ، بايلىق باشقا گەپ .

چىرايىڭ خازانغا بولمىسۇن رەڭداش ،
ھەي ، ئاجىز باشقا گەپ ، شاشلىق باشقا گەپ .

ئەسلىدىن بىلمەيدۇ بەختنى ئەخمەق ،
سەۋردىن كېيىنكى تاتلىق باشقا گەپ .

مەڭدىمە ، شۆھرەت ئۇ سۆيگۈگە مىتە ،
قاشۇكۆز باشقا گەپ ، قاشلىق باشقا گەپ......

**46**

قەدىردانىم بۇ ھاياتتا بارمۇ سەن ؟
ماڭا سادىق ھەمراھمۇ سەن ، يارمۇ سەن ؟

ئۈلۈغلىدىم ، نەزمە پۈتتۈم سەن ئۈچۈن ،
ساداسى يوق بىر قاراڭغۇ غارمۇ سەن ؟

تۈشىڭنى قاچانلاردا ئاڭلىدىم ،
شادلىق بەرمەس مۇڭ تۆككۈچى تارمۇ سەن ؟

«بەللى» دېدىم كۆرۈپ يېرىم قاراڭنى ،
قۇياش چىقسا ئېرىپ كېتەر قارمۇ سەن ؟

ئەقىدەمنى مۇنار قىلدىم يولۇڭدا ،
تۇتۇق بەرمەي ئۈچۈپ كەتكەن شارمۇ سەن ؟

خەۋەر بەرمەي نەچچە كېلىپ كەتتىڭمۇ ،
بۇركۇت دېسە چىقىپ قالغان سارمۇ سەن ؟

تاڭشۇرۇلۇپ سەپەر قىلىش ئالدىدا ،
ھەي ئادەمنى مىندۇرمىگەن نارمۇ سەن ؟

## 47

قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئوينار كۆزۈڭدە — جۇپ بۇلاقىڭدا ،
نوقۇتتەك قاپقارا خالىڭ كۇلەر مەستخۇش زىناقىڭدا .

ئەزەلدىن چاچلىرىڭ سالدى رەشك تۇنگە ، ماڭا سىرتماق ،
ئۆلۈمنى ئىختىيار ئەتتىم نىھايەت ئول ئاياغىڭدا .

شەرەپ سۆيمەك سېنى ئاخىر قېشىڭ ئورغاق ھىلال ياكى ،
نىگاھىمنى كۇمۇش ھالقا قىلىپ ئاستىم قۇلاقىڭغا .

قولۇمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى قەلەم ، نامىڭنى يات ئەتسەم ،
ئۇلۇغ ئارمان بولۇش شائىر ھاياتتا ، ئىشتىياقىڭدا .

ئەقىدەم سەن تامان ئۇچتى بولۇپ كەپتەر قوبۇل ئەتكىن ،
ئۇپۇشلەر تاپمىسۇن بەرھەم ئۇزۇن تۈنلەر پىراقىڭدا .

راپاۋەت قىلمىغىن مەيلى ، يىگىتمەن ئاھ ، ساڭا شەيدا ،
خىيالىمدا چېچەك ، گۈللەر چاچار ئەنبەر قۇچاقىڭدا .

قېنىم ئاقسا ياساپ ئۆركەش تومۇرۇمدا ، دېدىم بەختىم ،
ۋاپادىن تىلتۇمار پۈتتۈم ، بولاي ياندا ، يىراقىڭدا .

ئىزىڭ قالغان مۇبارەك خاك تېۋىنسام مەن ئۇچۇن قىبلە ،
كۆلەي مەنمۇ ساخاۋەت بەر ، راۋاب بىرلە قوشاقىڭدا .

زىلال سۇ ، ياپپېشىل ئورمان سېنى چىللايدۇ كەلگىن دەپ ،
چىمەننىڭ سۈلكىتى تەييار پەرى يەڭلىغ سىياقىڭدا .

ئىماندەك بىغۇبار قەلبىڭ كۆتۈرمەيدۇ چېكىتتەك داغ ،
ئىشەنچ ھەيكىلىنى كۆردۈم بۈگۈن ئوتلۇق قاراقىڭدا .

زىيارەت ئەيلىمەك ئارمان ، بارالماي ئاھ ئۇرۇپ قالسام ،
قولۇم باغلاپ تۇرارمەن تەق مەھەل تاڭدا ، سوراقىڭدا .

ئىلاھىم ساقلىسۇن بىزنى پاناھى ئاستىدا ھەرۋاق ،
نېسىپ بولسۇن بولۇش مېھمان ماڭا خانەڭ ، راۋاقىڭدا .

باھار قارلىغىچى بولسام ، ئۆزۈڭ كۆزدە قارارگاھىم ،
يىراقتىن ھالسىراپ كەلسەم تائام سۇنغىن تاۋاقىڭدا .

ئارام بەرمەي ، مېنى ۋەسلىڭ گويا مەجنۇنغا ئوخشايتتى ،
قاراپ كۆرگىن يۈرەكىم بار كېچە كۆيگەن چىراغىڭدا......

## 48

قامىتىڭگە يوق مېنىڭ تەڭداشلىقىم ،
گۇللىرىڭگە يوق تېخى رەڭداشلىقىم .

سەن بۇلۇتنى مەگزىدىن سۆيگەن يىگىت ،
مەنچۇ ، مەندە باردۇر بوشاڭ ، بەگباشلىقىم .

مەندە يوق ئاھ ، سەندىكى پۇتمەس چىدام ،
بولسىمۇ زەر رەڭ بىلەن قانداشلىقىم .

سەن مېنى تۇغقان ، يەنە بەرگەن ئوغۇز ،
ئەمدى چۇش بولدى ساڭا سىرداشلىقىم .

ئارچىلاردىن ئاڭلىدىم بىر كۈي ، بوۋام
دەر ماڭا : «قالدى ساڭا گۇل ياشلىقىم .

ئارمىنىم قالماس ئىدى مەڭگۇ بولۇپ ،
قالسا ئوغلۇمدا ساڭا ئوخشاشلىقىم......»

## 49

كېلىشنى كەلمىدىما ئاخىر ، كېتىشكە ئىختىيارىم يوق ،
هاياتىڭ گۇلىنى مەڭگۇ قىسىشقا ئىقتىدارىم يوق .

ئايازنى خالىماس تۇرسام ئاياز قەلبىمگە چاڭ سالدى ،
بېغىم ئىچرە خازان ئويىنار ، قۇياش كۇلگەن باهارىم يوق .

تومۇزدا دال بولارمۇ دەپ تۆكۈپ قان ـ تەر كۆچەت قويدۇم ،
ئەقىدەمگە ئازار يەتتى ، نېتەي بىر تال چىنارىم يوق .

مېنى ئاز باغرىغا ئالغان گۈزەلنىڭ كۆڭلىدە شەك بار ،
تالايلارغا سۆيۈلدۇم — بۇ ئۆزۈم سۆيگەن نىگارىم يوق .

چۈشۈمدە نەچچە رەت دانىش — خىزىر يول بەردى ئەتەمگە ،
ئوڭۇمدا شەيتىنىم غالىب ، غۇلاتماققا مادارىم يوق .

شېئىرغا ئىشقىنى بەرگەن سانالسا مەيلى ئاھ ، ئەخمەق ،
كېچە نەزمە پۈتۈشتىن ياق ، بۆلەك ئارزۇ ، خۇمارىم يوق .

دىلىمنىڭ ئاقلىقى بايلىق ، مۇشۇ شائىرلىقىم شاھلىق ،
بىساتىمدا كىتابىم بار دېمەيمەن : ھېچ تۇمارىم يوق !

**50**

كوچىدا كۆردۈم سېنى بولدۇم بىمار شۇندىن بېرى ،
بۇ ھاياتىم بېغىدىن كەتتى باھار شۇندىن بېرى .

قايرىلىپ باققان مىنۇت ، چۈشتى يۈرەككە مىسلى ئوت ،
قانچە كۆرسەممۇ يەنە ساڭا خۇمار شۇندىن بېرى .

تۈنلىرى كىرسەڭ چۈشۈمگە ئاھ ، دېدىم ئاچقاندا كۆز ،
ئىستىكىم بولدى پەقەت راستتىن دىدار ، شۇندىن بېرى .

قاشلىرىڭ بەرگى قىياق ، كىرپىكلىرىڭ تال ـ تال ئىرۇر ،
كۆزلىرىڭ جان ئالغۇچى نەق خۇددى دار ، شۇندىن بېرى .

كۆڭۈللىرىمنى بىر دەقىق سەنسىز تەسەۋۋۇر ئەيلىسەم،
تۇيۇلار بۇ كەڭ جاھان ئەجەبمۇ تار، شۇندىن بېرى.

بەر ۋىسالىنىڭ نۇۋتى ئارماندا كەتسە بۇ نىياز،
قالغىنىڭ ئۇۋالىغا ئەي گۈل نىگار، شۇندىن بېرى.

## 51

كۆت مېنى، قايتىپ كېلەرمەن ئامرىقىم،
كەلمىسەم قاي كۈن كۆرەرمەن ئامرىقىم؟

ئۆرۈمە كۆرگەن چۈشۈڭنى ئالدىراپ،
بىر ئۆمۈر سېنى سۆيەرمەن ئامرىقىم!

كۈل، ئاڭا دوستلارىڭمۇ ئەتكىن شېرىك،
شۇندىلا مەنمۇ كۈلەرمەن ئامرىقىم!

بارلىقىم مۇتلەق ساڭا تەقدىم مېنىڭ،
ئوتقا سال، ئۇنسىز كۆيەرمەن ئامرىقىم!

«ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن،
نۇر بولۇپ تۈننى سۈرەرمەن ئامرىقىم!

رەنجىگىن ئاقلانمىسا ئېيتقان سۆزۈم،
شۇ ھامان تىرىك ئۆلەرمەن ئامرىقىم!

ئەنسىرەپ ياپراق مىسال سولما پەقەت،
مەن سېنى ماكان ئېتەرمەن ئامرىقىم!

## 52

گۇلۇم دەپ بۇلبۇلۇڭ بولدۇم، ماڭا قوينۇڭ باھار بولدى،
تەلەيلىكمەن، سېنى سۆيمەك ماڭا ئەمدى خۇمار بولدى.

ئۇمىدلەر جان ئاتا قىلدى يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باقسام،
غېرىب كۆلبەم تاۋاپ قىلغىن، گويا مەزمۇت مۇنار بولدى.

لېۋىڭگە خال بولۇپ قونسا لېۋىم بىر رەت نېمە ئارمان،
قارا كۆزلەر چېچىپ ئۇچقۇن، ۋىسال شامى تۇمار بولدى.

نىيەت كۇلدۇردى دىللارنى، دەقىقتە ئۆتتى ئاي، كۈنلەر،
كۆڭۈل خۇشلۇقتا مەنزىللەر بۇگۈن كاتتا بازار بولدى.

ئاداققى رەت سېنى كۆرگەن كۈنۈم قايسى بىلەلمەيمەن،
ئاشۇ كۈندىن بېرى سۆيگۈ قۇياشىمىز پاتار بولدى.

رەپىق ھەيران، رەقىب كۇلدى تونۇشماسلارغا ئايلاندۇق،
نىيازىڭنىڭ ئېشىپ دەردى، چېكىپ ھەسرەت ياتار بولدى.

## 53

گۇلۇم ھۆسنۇڭ كەبى باغدا يەنە بىر جىلۋىدار بارمۇ؟
سېنىڭدەك جىلۋىدار گۇلگە مېنىڭدەك ئىنتىزار بارمۇ؟

سەھەر - شامدا سېنى كۈيلەپ راۋاب، تەمبۇرنى سايراتتىم،
گويا ئىشقىڭدا مەن سەۋدا، ئۆزۈمدە ئىختىيار بارمۇ؟

نېتەي ھالىمنى بىلمەسلەر مازاقىنىڭ تاشلىرىن ئاتتى ،
ئۆلارنىڭ سۆزىچە مەندەك غېرىب ، ياق ، شەرمىسار بارمۇ ؟

دىداردىن سۇ ئىچەلمەيمەن ، يەنە سەندىن كېچەلمەيمەن ،
ئۆزۈمنىڭ شورىغۇ دەيمەن : ئەجەب مەن بىقارار بارمۇ ؟

«بازاردا مىڭ كىشى بولسا ، كۆڭۈلدە بىر كىشى» دەيدۇ ،
جاھاننى ئاختۇرۇپ كۆرسەم ماڭا سەندەك نىگار بارمۇ ؟

ۋىسال دەپ ياشلىرى يامغۇر نىيازى زار - زار يىغلار ،
پەقەت سەنلا سۆيەر بولساڭ ، ئۇنىڭدەك بەختىيار بارمۇ ؟

**54**

گۈل بولۇپ چاچىڭ بېغىمدا خۇش پۇراق ،
ھەر سەھەر تۆكتۇم يۇرەكتىن ئىشتىياق .

ئۇزمىدىم بەرگىڭنى ئەمما ، ئايلىنىپ ،
كېپىنەك بولدۇم گويا كەتمەي يىراق .

لەۋ يېقىپ ئۆتسە شامالدار ئاھ ، دېدىم ،
قىپ ھەسەت چەكتىم شۇئان ھەسرەت - پىراق .

نان ، ئىمان بەلكى خىيالىڭ مەن ئۈچۈن ،
كېچە نۇر تۆككەن ئۆيۈمگە شام - چىراغ .

ئالدىراپ كەلگەن قۇيۇنتاز ئالدىدا ،
ياش تۆكۈپ ، مەڭدەپ تۇرۇپ قالما يىراق .

راستقا راست ، يالغانغا گول بولما گۇلۇم ،
سەن ئۇچۇن قاينايدۇ سۆيگۈم بىر بۇلاق .

## 55

لېۋىڭ قىبلەم ، تاۋاپ قىلدىم سەھەر - شام ئىنتىزار باقتىم ،
كۆزۈڭ چولپان يولۇم كۆلدى ، نۇرۇڭ بويلاپ ھامان ئاقتىم .

قېشىڭ ئوخشار ھىلال ئايغا ، بىدارمەن تۈنلىرى ئاخىر ،
دىدارىڭ كەم بولۇپ قالغان چېغى خانەمگە شام ياقتىم .

ئۇچۇر بەردىڭ قاچان كەلمەك بولۇپ دىلبەر دىلىم كۆلدى ،
پاياندازلار ساڭا ئەلۋەك ئوچاق يەڭلىغ قۇچاق ئاچتىم .

چىمەندە سايرىسا قۇشلار ئاۋازىڭ ئاڭلىغان ئوخشاش ،
سۇكۇتلەر باغرىغا چۆكتۇم ، سۆزۈڭنىڭ قەنتىنى چاقتىم .

نىھايەت كەلمىدىڭ بىر رەت ، كاچاتلاندى ئەقىدەم ، ئاھ !
نومۇس - ئاردىن ئۆلەر بولدۇم ، ئۆزۈمنى توپىغا ئاتتىم .

نىيازى ، سەۋرىدىن ھالۋا پۇتۇپمۇ قالىدۇ گاھى ،
بۇرۇن ساقتىم ، مانا ئەمدى ساقايماس دەرد بىلەن ياتتىم .

## 56

لېۋىمگە لەۋ يېقىپ ئۆتكەن شامالLاردا سېنى كۆردۈم ،
جېنىمغا قورقۇنچ سالغان زاۋالLاردا سېنى كۆردۈم .

مەگەركى سەن بىلەن بەختىم ئېچىلسا نە بولۇر ئاخىر ؟
بېشىمنى تاش قىلىپ قويغان سوئالLاردا سېنى كۆردۈم .

شاراب بولدى ماڭا دىلكەش ، نېتەي تۈيغۇمغا سەن مېھمان ،
ئەجەب بولدۇم ، ماڭا سىرتماق خىياللاردا سېنى كۆردۈم .

دىدارىڭ مەن ئۈچۈن ئارمان ، ئىزىڭ قالغان چىمەن قىبلەم ،
چۈشۈم ئىچرە ماڭا كەلگەن قامالاردا سېنى كۆردۈم .

ئۆزۈڭنى ئالدىما ئەي يار ، قونالغۇ ئۇشبۇ ئالەمۇ ،
قارا تۇپراقتا يەم بولغان جامالاردا سېنى كۆردۈم .

نىيازى ، قاقشىما بولدى ، ھاياتتا نېمىلەر بەردىڭ ؟
خامانلار دەر كۆلۈپ ئاستا : «پاخاللاردا سېنى كۆردۈم» .

**57**

مېنىڭ تەنھالىقىم چەكسىز ، ئۇنىڭ ھەقداسى ھۇجرام بار ،
ئازابلار باغرىغا قىستار كۆزۈم ئالدىدا تۆت تام بار .

قىرىق بىر كۈز ، باھار ، يازنى ئۆزاتتىم شۇندىمۇ ئەپسۇس ،
تېخى مەن قانمىغان سانسىز غۇبارسىز تاڭ بىلەن شام بار .

قۇياش ، ئاينى تاۋاپ قىلدىم ، نۇرى چۈشكەن تەرەپ قىبلەم ،
قونار قۇشلار ئېزىپ گاھى ، شامالغا ئاشىيان رام بار .

ئۇزۇن تۈنلەر پۈتۈپ نەزمە نەۋائى روھىدا كۈلسەم ،
ئىشقتىن سۆز ئېچىپ لۇتفى كېلەر ياندا گۇمنام بار .

مۇھەببەتسىز يۈرەك مۇزدۇر ، ھاياتتا سۆيگۈدۇر يىلتىز ،
دېسەم ھەق راست ، دېدى مەشرەپ قولىدا ساز بىلەن جام بار .

كى ئاشىق سۆيىتى يارنى مامات پەيتتىمۇ سۆيمەكلىك ،
سۆيۈلمەك بەختىگە نائىل كۆڭۈلگە كۈندە بايرام بار .

نىيازى ، بولمىغىن بىخۇد ، دىدار ، ھىجراندا سەگەك تۇر ،
يولۇڭدىن چەتنىسەڭ بەلكى يۈيۈلماس ئار ، قۇرۇق تام بار .

58

مېنى ئەركىمگە قوي يارەب ، جاھانغا ئۈنتۈلاي بىر پەس ،
ۋۇجۇدۇمدا رەزىللىك كۆپ ، ئېتەي كۈل ، ئوت بولاي بىرپەس .

مىكىرنىڭ بابىدا سۇلتانلىقىم ئۆزگىگە روشەندۇر ،
تاۋاپ ئەتسۇن كېلىپ شەيتان ، ئۈنىڭغا بۇت بولاي بىر پەس .

خۇشاللىقتىن كۆرە ھەسرەت غېرىب باشىمنى يار ئەتتى ،
نېتەي تەنھالىقىم ئىچرە ئۆزۈمگە قۇت بولاي بىر پەس .

ھاياتقا كەلگىنىم ئەسلىي خاتالىق يا ئۇقۇشماسلىق ،
ئازابلار مۆلدۈرى بىرلە يەنە مەۋجۇت بولاي بىر پەس .

يېشىللىقتىن ، ئېقىنلاردىن يىراق خانەم ، يىراق خانەم ،
مېنىڭ يالغۇزلۇقۇم ھەقتۇر ، شورۇم نابۇت بولاي بىر پەس .

سوئاللاردا بېشىم تاشتۇر ، شۇڭا چېھرىمدە يوق كۈلكە ،
كى ياتلار ھەر نېمە دەيدۇ ، شىۋىرغان ، جۇت بولاي بىر پەس .

59

مۇھەببەتتىن باھادىرمەن ، تېنىمدە ئاھ ، خېنىم پەيدا ،
ئايازنى نەۋ باھار قىلغاي ھارارەتلىك تېنىم پەيدا .

ئەلەم ھەمراھ ئۆنى دىلدىن تەرك ئەتسەم ماڭا بەرھەق ،
ھاياتلىق دار ، مازاق ئەيلەپ قەدەمدە شەيتىنىم پەيدا .

رىزا بولدۇم ۋىسال ئىزدەپ دەشت ـ چۆللەرنى كەزمەككە ،
پۇچۇلماي نۇر تۆكۈپ كەلدىم ، سەۋردە قالقىنىم پەيدا .

يىقىلسام يۆلىدى دوستلار ، بېشىم يەتتى مىسال كۆككە ،
ئۇلار بار تومۇرۇم ئىچرە ، ئېقىپ تۇرغان قېنىم پەيدا .

ئەقىدە بىھېساب بايلىق ، ياشاش ئارمان قويۇپ رىشتە ،
قولۇم ئوينار ئېتىز ـ قىردا ، ئۆيۈمدە ئاش ـ نېنىم پەيدا .

مېھرىنىڭ سۇلىرى ئەلۋەك ، تەبەسسۇمدىن جامالىم ئاي ،
يېنىمدا بار ۋاپادارىم ، بەختتىن مېھمىنىم پەيدا……

60

مەگەر مەن بولمىسام شەيتان ماڭارغا يوللىرىم تارمىش ،
پەلەك دىشۋارلىرى يارەب بېشىمنىڭ ئۇستىدە قارمىش .

كېچەلەر كۆپ بىدار بولدۇم ، خىزىر بىرلە قۇرۇپ سۆھبەت ،
نى شاھلارنى يۇتۇپ كەتكەن قارا تۇپراق قارا غارمىش .

يامانغا ياخشىلىق قىلماق بۇيۇكلۇكتىن نىشان ئەردى ،
ئۇلۇغلار كۆزىگە خاكنى چېچىش نائەھلىدە بارمىش .

بىرى توقتىن قىلار مەشرەپ ، بىرى بۇردا ئۇچۇن زاردۇر ،
مىسال سەھنە ھايات ، تۇرمۇش ئۇنىڭ تەشۋىشلىرى دارمىش .

كېزىپ مەجنۇن دەشت - چۆلنى كى لەيلى ھۆسنىنى ئىزدەر ،
غېرىب ئەمما چاھار باغدا سەنەمنىڭ ۋەسلىگە زارمىش .

ئۇدۇل قوشناڭ رەقىب بولسا ئازارلىقنى تامام ئەتكىن ،
ئۇنى تەڭرى بىلەن بەرھەق ، قىزى ئوغلۇڭ بىلەن يارمىش .

سەھەر كۈندە تۇغۇپ مېكىيان قاقاقلايدۇ تەمەننادىن ،
بىراق ، ئەكسىچە شام ، يىلتىز قىلىش مىننەت نومۇس - ئارمىش .

مۇچەل يۇلتۇزلىرىم ئۇچ رەت ئۆچۇپ ياندى ، ئەقىل تاپتىم ،
نېتەي كىم ئۆزىنى بىلمەس بىراۋلار ئالدىدا خارمىش......

**61**

ماڭا ھەر كۈن سەھەر - شامدا نىھايەت سوغ خىيال ھەمراھ ،
خىياللارنىڭ چېكى يوقتۇر ، چىگىش سىرتماق - سوئال ھەمراھ .

ھاياتقا نە ئۈچۈن كەلدىم ، ياشاشتىن ئىستىكىم قايدۇر ؟
كى ئىدراك جىلۋىسى بىرلە ئۈمىدتىن گاھ ھىلال ھەمراھ .

نېمىشقا كۆتكىنىم ئامەت تۇرۇپ يوقلايدۇ دەرد - ھەسرەت ،
ئىچەي دەپ ئالغىنىم دۇغ سۇ ، رەقىبىمگە زىلال ھەمراھ .

ئەزەلدىن قىسمىتىم شورمۇ ؟ ئۆزۈمنى بەزلىمەي يۇرسەم ،
چۇشۇم ئىچرە خىزىر ئېيتتى : غاپىللارغا زاۋال ھەمراھ .

بېرىپ ئالقىش كۆلۈپ كەتتىم ، ئەقىلدە بىر مىسال كۆردۈم ،
قومۇش چۆلدە ساما سالماس كى بولمىسا شامال ھەمراھ .

ۋەتەن ـ ئەلدىن گويا ئارتۇق مۇشۇ ئالەمدە مۇتلەق يوق ،
نى سىرلارغا گۇمان ئاچقۇچ هارامغا هەم هالال هەمراھ……

## 62

مەيلى قىل جاندىن خالاس ئاھ ، قىلمىغىن ياردىن خالاس ،
قىل يەنە تۇرمۇشتىكى سىرتماق ، سوئال ـ داردىن خالاس .

تەمبۇرۇم كۈيلەر ئىدى بۇلبۇلغا تەڭكەش باغ ئارا ،
بەرمىدىڭ بىر رەت جاۋاب ، قىلدىڭ نېچۈن تاردىن خالاس ؟

تاغلىرىمنىڭ باغرى قان ئىزدەپ باهارنىڭ ۋەسلىنى ،
ئارمىنىم ، قىلغىن ئۇنى تا بىر يولى قاردىن خالاس !

كەتمىكىم بەرهەق ئىرۇر ، ئەركىمگە پۇتكىن پەي ـ قانات ،
قۇتۇلاي قەلبىمدىكى شەيتان — ئاشۇ ساردىن خالاس .

مەن بەختنى ئىزدىگەن ، قاچتى بەخت مەندىن يىراق ،
قىلدى كۆزنى كۆپ غەلەت ، ئەتكىن كۆپۈك ، شاردىن خالاس .

كىم مېنىڭدىن رەنجىسە رەنجىشلىرى كەتسۇن توزۇپ ،
قىل شۇڭا نەپسىمدىكى تويماس قارا غاردىن خالاس .

بارلىقىمنىڭ بارلىقى يوقلۇق ئۇچۇندۇر هېچنېمە ،
قىلمىغىن ياردىن خالاس ، قىلساڭمۇ نەق ـ باردىن خالاس .

## 63

مەنكى مەن ، «مەن» بولمىسام شەيتان ئېنىق ،
نەكى شەيتان ، تەڭرىگە پايخان ئېنىق .

ھېچ كىشى ھالىمغا يەتمەس ، مەن ئۆزۈم
ئاقىۋەت قەبرەم ئۈچۈن قۇربان ئېنىق .

شۇ سەۋەب قەلبىمدىكى ئارزۇلىرىم
خالىمايمۇ يوق ئامال گۇمران ئېنىق .

كەلمىكىم دۇنياغا بولغان ئەسلىدىن
بىر ئۇقۇشماسلىق ، ياقەي ، نۇقسان ئېنىق .

ياشىماق ئىزدەپ ئاقار كۆز ياشلىرىم ،
توختىماس كۈندۈز - كېچە ئوكيان ئېنىق .

بەزىلەر نەپرەت بىلەن تىغ سانجىسا ،
بەزىلەرگە بولىمەن ئارمان ئېنىق .

بۇ ھايات سەھنە ئىرۇر ، ئارتىس ئۆزى
ھەر كىشى ، ئارتىس ئارا چولپان ئېنىق .

مەن تېخى ئاتمىشقا كىرمەك ئىستىسەم ،
مۇشكۇلات ئاتمىش ئەمەس ، توقسان ئېنىق......

قىسمىتىڭ شۇنداق نىياز ، قىلغىن كۈرەش ،
شۇندىلا سەن شىر سۈپەت ئىنسان ئېنىق .

**64**

نورۇز بىرلە جاھان كۈلدى ، كۈلۈشنى ئىستىمەس كىم بار ؟
چىمەندە يايرىبان قۇتقا چۆمۈشنى ئىستىمەس كىم بار ؟

نورۇزغا زارىقىپ ئۆتكەن قارا قىش كەچتى يادىمدىن،
ئازابنى، قايغۇنى ئەمدى كۆمۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

ئەنە باق، كونا ئۆتمۈشنىڭ پىغانى چوققىدا قالدى،
ئېرىقتا ئوينىغان زەمزەم كۆرۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

قولۇمدا تۇرغىنى «دىۋان» بوۋاملار قېنىدىن پۈتكەن،
نورۇزنى — يېڭى ئايەمنى سۆيۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

هايات ئادەمگە بىر نۆۋەت نىجات تاپماس كۈرەشمەستىن،
قەدىرلەپ خەلقنى دىلدىن كۆيۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

رىئاللىق تۇيغۇغا ياتتۇر مېنىڭ هالىمدا تۇرغۇنلۇق،
بۈگۈندىن ئەتىگە قاڭقىش، بۆسۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

نىيازى، ئەتە قەبرەڭگە قويار گۈل كىم، دېمىگىن ئاھ،
بىراق، مەنە تېپىپ ئاخىر ئۆلۈشنى ئىستىمەس كىم بار؟

**65**

نورۇز دېگەنمەن سۆيگەن يار — جانانە ئەمەسمۇ؟
ئاڭا كۆپتىن تېڭىنغان روھ سەرسانە ئەمەسمۇ؟

ئوغۇز سۈتى ئانامنىڭ قانلىرىمنى ئۇرغۇتتى،
سۈتمۇ ئەگىز سۈيىدەك شوخ، دۇردانە ئەمەسمۇ؟

رىزىق ئىزدەپ كۈزگىچە تەر ئاققۇزغان ئېتىزدا،
ئاتام دېهقان ئاق كۆڭۈل ئەر - مەردانە ئەمەسمۇ؟

ئۇدۇم دېگەن ئەجدادنىڭ تەۋەررۇكى ئەۋلادقا ،
مەنە تاپقان ياشاشتىن دەل پەرۋانە ئەمەسمۇ ؟

زارىققانلار بەختكە گۈل ئۇندۇرسە ئەجرىدىن ،
ئاڭا باققان نىگاھلار بەك مەستانە ئەمەسمۇ ؟

ئۇلۇغلۇق بار ئەجدادنىڭ ۋۇجۇدىدا ، خەلقتە ،
ئۆز توپىدىن ئايرىلغان خار ، ۋەيرانە ئەمەسمۇ ؟

مەن ئۆزۈمنى نورۇزدىن تاپالىسام نە ئارمان ،
بەخت قۇچقان ھەر كۆڭۈل خۇش ، دوستانە ئەمەسمۇ ؟

## 66

نېچۇن سالدىڭ مېنى تەڭرىم ئۈزۈلمەس دەرد - پىراقلارغا ،
ئېقىپ ياشىم ، كۆزۈم بولدى مىسال بىر جۈپ بۇلاقلارغا .

بېشىمغا بەك يوغان كەلدى بولۇپ ئادەم ياشاش ھەيھات ،
ئۆزۈمنى تاشلىبان قاچتىم گويا مىڭ يول يىراقلارغا .

يوچۇن ئەللەي ئېيتىپ ، مەستخۇش قىلار باغرىدا ناشۇدلۇق ،
مىنۇت مەۋجۇدلۇقۇم شەرتلىك ، باقار يۈز رەت سوراقلارغا .

نېتەي پۇل تاپمىسام بولماس ، يەنە يول تاپمىسام بولماس ،
مۇشۇ موھتاجلىقىم ئاتتى مېنى سىرلىق قاراقلارغا .

كېچە كۆرگەن چۈشۈم بىرلە سەھەر غەش بولمىغان كۆڭلۈم ،
تېخى پاتماي تۇرۇپ خۇرشىد ئاغار مەيگە — قاۋاقلارغا .

«ھايات ئەسلىي ئۇقۇشماسلىق» دېدىم تاش ئاستىدا قالدىم ،
تۇتۇپ ھەييامنى پىر - ئۇستاز شېئىر پۈتتۈم ۋاراقلارغا .

تەتۈرمۇ قىسمىتىم دەيمەن ، كى غەمنى ئاش قىلىپ يەيمەن ،
غېرىب قەلبىم كۆيۈپ چاڭگال سالار ئوتقا ، چىراغلارغا .

## 67

نوچىلىق باشقا گەپ ، ئۆكتەملىك باشقا ،
پوچىلىق باشقا گەپ ، بەردەملىك باشقا .

بەزىلەر ئۆزىنى سانايدۇ قالتىس ،
غۇرۇرغا جان بەرگەن ئادەملىك باشقا .

يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنغۇلۇق دائىم ،
نامنى دەپ قىلىنغان بىشەملىك باشقا .

ئاقىللار قوم سانار ، پەمى يوق تاشنى ،
ھۇرۇنلۇق باشقا گەپ ، بىغەملىك باشقا .

يىغلىتىپ ئېيتىدۇ دوستلىرىڭ ، ئەمما —
كۈلدۈرۈپ دۈشمەنلەر ، ئۆچمەنلىك باشقا .

ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭدەك مېھرىبان يوقتۇر ،
ھەي نېتەي ئۆزگىدە ھەمدەملىك باشقا .

## 68

(ئادىل ھوشۇرغا بېغىشلايمەن)

ھالاكەت غارىدا بۇركۈت بولۇپ مەغرۇر قانات قاقتىڭ ،
ئەرش يۇلتۇزلىرى ھەيران ياقا تۇتتى ، كۆزىن چاقتىڭ .

مۇئەللەقتە گويا ئارقان تۇرار قىلدەك ، ئۇنىڭدا سەن
پەقەت ئون ئۈچ مىنۇت ئىچرە تامام ھەرىكەتنى توختاتتىڭ .

چاۋاك چالدى ساڭا چاڭجياڭ ، ئەزىز يۇرتۇڭ ئىلى ، تارىم ،
پەخىر بىرلە باقار كۆزلەر ، شەرەپ دەرياسىدا ئاقتىڭ .

سېنى تاپقان ئاتاڭ رازى ، سۈتىدىن ھەم ئاناڭ رازى ،
قەدىم تەكلىماكان بويلاپ بۇگۈن ئۇيغۇرنى چاقناتتىڭ .

قەسەم ناندەك مۇقەددەستۇر ، ئۇنى ئاقلاپ جاسارەتتە ،
ئاشۇ كوكلۇنغا جەڭ ئاچتىڭ ، قېرىنداشلارغا توي تارتتىڭ .

ساڭا ئالقىش تۆكەر شۇتاپ ئانا بوغدا ، يەنە پامىر ،
ۋۇجۇدۇڭدا يېڭى روھنى بۇيۇك ئەجدادقا ئوخشاتتىڭ .

ساما ئوغلى ياشا ئادىل ، قانات مەڭگۇ ساڭا ئەل - يۇرت ،
تېخى پەللەڭ يىراقلاردا ، ئۇنى قۇچماققا يول تاپتىڭ......

## 69

ھايات خۇددى گۇزەل بىر قىز ، ئۇنىڭ ئىشقىدا گۇلخانمەن ،
سىرى قۇمدەك ساناقسىزدۇر ، پىكىر ئەۋجىدە ئوكيانمەن .

بېشىمدا بار تۇمەن سەۋدا ، قۇتۇلغان يوق تېخى بىردىن ،
شۇ سەۋدادىن بەزەن چالما ، يەنە بەزىدە مارجانمەن .

مىسالى قار كەبى كۆڭلۇم ، قارا بولغانمۇ بىلمەيمەن ،
يىراق كەچمىشتىكى مەن يوق ، مىكىر بابىدا شەيتانمەن .

خازان ئۇچقان مىنۇتلاردا يىغامنى يىغلىسا بارچە،
باھارىستان چاھار باغدا پەقەت يېگانە سۇلتانمەن.

ماڭا ھەركىم بېرىپ تەبىر، ھېسابسىز ئاۋۇدى پوستۇم،
«ئىشەنگەن تاغ ئارا ياتماس كېيىك» تەك بەلكى يالغانمەن.

گويا چۆل ئالۋۇنى تۇرمۇش، نىھايەت سالدى ھەر كويغا،
شامال ئىچرە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇرۇق شال كەبى سەرسانمەن.

يارالمىشتا خۇرۇچ بولغاچقىمۇ تۇپراق، كۆزۈم تويماس،
قېنى بەر دېسە نىمجانمەن، ئەگەر ئال دېسە پالۋانمەن.

رەپىق بولدۇم، رەقىب بولدۇم ئېلىپ شۇنداق تالاي رولنى،
ھايات سەھنە، ئۆزۈم ئارتىس، نە ئارتىس ئارا چولپانمەن.

تېپىشماقتۇر مۇشۇ ئالەم، جاۋاب تاپقۇچىمۇ ئادەم،
پۈتۈلمىش قىسمىتىم ئۇشبۇ، تېخى ئۆزۈمگە پىنھانمەن.

## 70

ئۇنتقا چۈشتۇم سەن ئۈچۈن قەلبىمنى گۈلخان قىلغىلى،
سۇغا كىردىم سەن ئۈچۈن مېھرىمنى ئوكيان قىلغىلى.

ئۇشبۇ دەردكە مۇپتىلا قىلغان ئەمەسمۇ سەن مېنى؟
سەن يارالغانمۇ مېنىڭ ياشىمنى مارجان قىلغىلى.

كىم مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن ھامىي، پەقەتلا بىلمىدىم،
تۈن بويى بولدۇم خۇمار خانەمدە مېھمان قىلغىلى.

شەيتىنىم بەردى ساۋاق قانچە رەت «ئۈز» دەپ ئۈمىد ،
نەدە بولسۇن ئىختىيار سۆيگۈمنى پىنھان قىلغىلى .

ياكى سۆيگىن - سۆيمىگىن ، تەقدىم ئېتىلگەن مەن ساڭا ،
شۈكرىكىم ، مىڭ رازىمەن جانىمنى قۇربان قىلغىلى .

قوت ، ۋىسالىنىڭ ، سۆيگۈنىڭ يولى جاپالىق ئەسلىدىن ،
بارمۇ ئىرادەڭ تاغ مىسال چۆللەرنى بوستان قىلغىلى ؟

ئەي نىيازى ، ھەرقاچان ھىممەتكە بولغىن ھەمنەپەس ،
تەق بولۇپ تۇر باشقىلارغا خەير - ئېھسان قىلغىلى .

## 71

ئۈلكى ئۈتتۇز تۆت يېشىڭ پىشقان چېغىڭ ،
كۆك ئارا بۈركۈت بولۇپ ئۇچقان چېغىڭ .

غەيرىتىڭ ساينى قىلار بوستان گويا ،
ھەر قەدەم شانۇزەپەر قۇچقان چېغىڭ .

ئۇخلىماي تۈندە تۆكۈپ يۇلتۇزغا سىر ،
تائەبەد پەننى نىگار تۇتقان چېغىڭ .

زارلىنىش تاشلاپ سېنى كەتكەن يىراق ،
قوت تېپىپ يار كۆڭلىنى ئۇتقان چېغىڭ .

خام خىيال سۇرمەي ھاياتتىن يول ئېچىپ ،
تاۋلىنىپ خۇددى پولات قاتقان چېغىڭ .

ئالتۇنۇڭ ، ياقۇتلىرىڭ — پەرزەنتلىرىڭ ،
سەن ئۇنى باغۇەن كەبى باققان چېغىڭ .

نۇر بىلەن تولغان دىلىڭ ، ئەتەڭ يەنە
ھەممىدە ئەجدادنى دەل تارتقان چېغىڭ .

## 72

(شائىر مۇھەممەت خېۋىرغا )

ئۇقۇملارغا بېرىپ مەنە كۆلەر چولپان غەزەللەردە ،
ئۇدۇملارغا سېلىپ بەلگە كۆلەر ئىرپان غەزەللەردە .

كۆيۈپ كۆل بولمىغان ئادەم ئەزەلدىن قار - مۇز بىلەن تۇغقان ،
ئۇلۇغلاپ سۆيگۈنى ھەردەم كۆلەر گۈلخان غەزەللەردە .

يىراق ئۆتمۈش بىلەن ئەجداد كېلەر ئەۋلادقا يول باشلاپ ،
پورەكلەپ باغ ئارا گۈلدەك كۆلەر ئارمان غەزەللەردە .

پىكىر دەرياسىدا ئۈزگەن تالايلار ئىچىدە بىر سەن ،
ئاشۇ بىرلىك ئۈچۈن ھەقدا كۆلەر مارجان غەزەللەردە .

ھۆزۈرۈڭغا قەدەم تەشرىپ قىلىش بۇلبۇلغا قۇت - ئامەت ،
شۇ يەڭلىغ قانچە رەت مەندەك كۆلەر مېھمان غەزەللەردە .

قەلەمدە گۈل چېكىپ ئۆتتۈڭ قەلبلەرگە ، قەدىر تاپتىڭ ،
تۆكۈپ ئالقىش سۆيۈ ئەلۋەك كۆلەر بوستان غەزەللەردە .

بۇگۈن تويدا قەلەمداشلار سېنى قۇتلايدۇ دەل ، چۈنكى
ئۇلارغا سىر ئەمەس «تارىم» ، كۆلەر «تۇرپان» غەزەللەردە .

نىيازى ، تاغ مىسال ھۆرمەت ئەزىز دوستۇڭغا خاس ـ لايىق ،
بىراق كەمتەر سېنىڭ دوستۇڭ كۆلەر پىنھان غەزەللەردە .

73

ئۇزاقلاردىن ساڭا كۆيدۈم ، يۈرەكىمنى بىلەرسەنمۇ ؟
ۋە يا ئاتەش ئارا تاشلاپ ، بىلىپ ـ بىلمەي يۈرەرسەنمۇ ؟

گويا بولبۇل بولۇپ ئىزھار ئېتەي كۆڭلۈم ئىشىت دىلبەر ،
«سېنى سۆيدۈم ، سېنى دەيمەن» دېسەم مەستخۇش كۈلەرسەنمۇ ؟

كوچا ـ رەستەڭ مىسال قىبلەم تاۋاپ ئەتمەك ئۇدۇم بولدى ،
ئەقىدەمدىن گۇمان ئەيلەپ شېرىن جانىم تىلەرسەنمۇ ؟

مېنىڭ بەختىم ساڭا باغلىق ، ئۆزۈڭ قەلبىم ئارا شاھسەن ،
ۋۇجۇدۇمدىن ئازابلارنى تولۇن ئايدەك سۈرەرسەنمۇ ؟

پەقەت ئىلھام نېسىپ بولماس ئۇزۇن تۈن ئاھ ئۇرۇپ ياتسام ،
دىلىمدا كۈلدۈرۈپ يۈلتۈز ئۇچۇپ قۇشتەك كېلەرسەنمۇ ؟

كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ جانىم ساڭا گۈل تۇتقىنىم تۇتقان ،
مۇرادىم ئۇشبۇ ئالەمدە مېنى بىر رەت سۆيەرسەنمۇ ؟

نىيازى ، سۆيگۈ ئاشىقتىن ئالار تىنماي سىناقلارنى ،
ئۇلاردىن ئۆتكۈچە بەردەم نېتەي ، ئاھ ، دەپ ئۆلەرسەنمۇ ؟

## 74

(سىڭلىم خاتىرىسىگە)

ئۇنتۇما، ئەجرىڭ بىرەر راھەت ساڭا،
پەم - ئەقىل، شەرمى - ھايا ئامەت ساڭا.

ياپرىقى بىرلە چىرايلىق باغدا گۈل،
ياپرىقىڭ ئەجداد ئۇلۇغ شۆھرەت ساڭا.

غايىلىك بولغىن، بىلىمنىڭ دەۋرى بۇ،
پەننى يار ئەتكىن، قونار دۆلەت ساڭا.

ئۇزلۇقۇڭ سۇ ئۇستىدە ماغزاپ گويا،
ئۇ ئەمەس تا ئۆلگۈچە سۆلەت ساڭا.

رىستوران قوندۇرمىسۇن قەلبىڭگە كىر،
بەزىدە بولسۇن قورال نەپرەت ساڭا.

قەدرىنى قىل بۇ ھايات چەكلىك ھامان،
ئەسلى ئۇ بار نەرسىدىن قىممەت ساڭا.

ئىزدىمە بەختىڭ قولۇڭدا، تەدبىرىڭ
بەرگۇسى ئالەمشۇمۇل قۇدرەت ساڭا.

زورلىما قەلبىڭنى مەيلىڭ يوق تۇرۇپ،
بەرمىسۇن پۇللۇق نىكاھ ھەسرەت ساڭا.

ئىزدىنىش بىرلە ئۆزۈڭگە تاپ قەدىر ،
بىلدۈرەر ھەركىم شۇ چاغ ھۆرمەت ساڭا .

**75**

ئۆزۈم ئازغۇچى بىر بەندە ، شۇڭا تەڭرىم ئۈچۈن ياتمەن ،
پېشانەمدە كۆلەر ھەسرەت ، تۇمەن يالغان بىلەن شادمەن .

يىغامنى يىغلىغان دوستلار نېچۈن يادىمغا يەتمەيدۇ ،
نىگاھلار غەلۋىرى ئىچرە مىنۇتتا نەچچە بەرباتمەن .

بېشىمنى پۈركۈدى ئاق قار ، لېكىن تۇيغۇم سەھەردەك ياش ،
ئاۋامنىڭ ئاغزىدا بەرھەق تېخى چوڭ بولمىغان «زات» مەن .

مېنى ھەر نېمە ئېيتقانلار ياقا چىشلەپ قالار ئاخىر ،
كى تالغا ھەۋىسىم يوقتۇر ، بولۇپ تاغ ئارا شەمشادمەن .

ئىشقىنىڭ يولىدا ماڭدىم مۇرادىم بولمىدى ھاسىل ،
بولاي مەيلى بېرىپ جاننى شۇ تاپ شېرىنغا پەرھادمەن .

**76**

ئۆزۈڭ سالغان قارا ھىجران ، يەنە بىر ئىمتىھان بارمۇ ؟
شۇتاپ ھالىمنى كىم بىلگەي ، مېنىڭدەك ناتىۋان بارمۇ ؟

نېمىشقا دەمدىرىم ئوخشاش غېرىب روھىمدا ئۈنلەيسەن ،
ئۇمىدتە كۆلىدۇ جانىم ، سېنىڭدەك مېھرىبان بارمۇ ؟

بۇلۇتلار كەينىگە مۆككەن تولۇن ئاي سېنى كۆرگەنمۇ ؟
ئاشۇ بائىس رەشىك - دەردتىن يۈزىدە داغ - تۇمان بارمۇ ؟

سەھەر گۈل ھۆسنىگە باقسام ، سابا مەڭزىمگە لەۋ ياقتى ،
بەخت ـ سۆيگۈڭ ئۈچۈن مەڭگۈ دىلىمدەك ئاشىيان بارمۇ ؟

تىلىم نامىڭ بىلەن زىكرى ، ئۆزۈم سەنچۈن ئىبادەتتە ،
سېنىڭ قەلبىڭدىمۇ مەن بار ، بۇنىڭغا سىر ، گۇمان بارمۇ ؟

زىمىستان قىش ، ئۇزۇن تۈنلەر باھار ، تاڭنى قۇچار ئاخىر ،
كى سەندەك ھەم نىيازىڭدەك چىدامىلىق قەھرىمان بارمۇ ؟

**77**

ئۆزۈمدىن ھالقىماق ئىزدەپ «ئۆزۈم» گە ھەي ، پېتىپ كەلدىم ،
ئۇدۇم ، خىسلەتلىرىم ئۈچتى ، ئۇنىڭغا رەڭ قېتىپ كەلدىم .

دىلىمدىن ئۇقچۇغان ئارزۇ رېئاللىق باغرىدا پايخان ،
شېھىت روھىمدا چاڭقاقلىق ، يەنە ئوتنى قېتىپ كەلدىم .

مۇھەببەت يولىدا ئازسام شۇئان سانسىز سەۋەب تەييار ،
ئۇيالماي بەلكى ئالەمگە كى شەيتاننى سېتىپ كەلدىم .

ساۋاقلاردىن ساۋاق ئالماي مازاققا تۇغ ـ ئەلەم بولدۇم ،
شۇڭا ھەسرەتلىرىم ئەلۋەك ، ئۇنى ھەر رەت تېتىپ كەلدىم .

قىزىلگۈل تېرىسام باغقا نىھايەت ئۇنگىنى ئازغان ،
كۆزۈممۇ كور ، نېتەي گۆردە «تۆشەك بۇ» يېتىپ كەلدىم .

چۈشۈمنىڭ تەبىرىن بەرگەن خىزىرنى تونۇماي ھەتتا ،
سۆزۈمدە ياغدۇرۇپ ئوقلار ، ئاڭا چالما ئېتىپ كەلدىم .

ئەمەس تەقدىر ، ھاياتنى دەل ياشارتقان سۇ ئۇمىد ، تەدبىر ،
نىيازى ئېيتتى بۇ سۆزنى : قەلەمنى ئىرغىتىپ كەلدىم .

## 78

ئۆي قاراڭغۇ ، روجىكىمدىن باقتى ئاي ،
ئاھ ! ئۆلۈپ كەتكەن ئانامدەك خوش چىراي .

سېغىنىپ كەلگەن چېغى دەپ ئويلىدىم ،
چۈشلىرىمگە كىرمىگەن بىرنەچچە ئاي .

قولىدا بار سېۋەتى ، كەچمىشتىمۇ
مەن ئۇچۇن كۆكتات ، تۇخۇم ساتقان تالاي .

كىيمىگەن ياخشى كىيىمنى ، ئۇ ئۆزى
يېمىگەننى يېگۈزۈپ بولغان قوراي .

مەن كۈلۈپ بەزمىدە يۈرسەم تۈن بويى ،
ئەنسىرەپ باققان يولۇمغا ئۇخلىماي .

كۆرمىگەن تۇرمۇشتا راھەت قىلچىمۇ ،
غەم بىلەن يىللار ئۆتنى قىلغان موماي .

شۇ يوسۇن قويغان ئۆمۈرنى تۈگىتىپ ،
كۆز يۇمۇپ تۇپراق ئاڭا بولغان ساراي......

مەن نادان بىلدىم بۇلارنى كېچىكىپ ،
ئۆكۈنۈش قەلبىمگە تامدى توختىماي .

ھەي ، ئانا سەنمۇ ھاياتىم كۆكىدە ،
مەن ئۇچۇن بولغانىكەنسەن ئەسلىي ئاي .

**79**

ئۇزۇم پىشتى ، تېتىپ كۆرگىن قېنى مېھمان ئۇزۇم دەيمەن ،
ئۇزۇم بىرلە ياساندى ئۆز بولۇپ تۇرپان ، ئۇزۇم دەيمەن .

جاھاندا مېۋىلەر سانسىز ، بىر - بىرىدىن قېلىشمايدۇ ،
تۇتۇپ ياقا مازاق ئەتمە ، پەقەت سۇلتان ئۇزۇم دەيمەن .

ئەنە باق ، كۆز يېتىپ بارماس ئېدىر - سايلاردا بىر ئۇز بار ،
باراڭ بويلاپ تۆكەر گۈل - ناز چىمەن - بوستان ئۇزۇم دەيمەن .

سۇزۇك كىشمىش ، قىزىل سايۋا ، ئوماق قاشقىردا تەم - لەززەت ،
كۆلەر كارىزدا ئويناقلاپ دېڭىز - ئوكيان ، ئۇزۇم دەيمەن .

ئۇزۇمنىڭ خىسلىتى نۇرغۇن ، بۇيۇك قامۇستا چاقنايدۇ ،
پۇكۇپ بارماق ساناپ ئۆتكەن تېۋىپ لوقمان ، ئۇزۇم دەيمەن .

بوۋايلارنىڭ سۆزى ئوتلۇق ، مومايلار چېھرىدە شادلىق ،
زېمىندا ئەبەدىي ئۆچمەس لاۋا - گۈلخان ، ئۇزۇم دەيمەن .

يىگىت - قىزلار كوچا - كويدا ئۇزۇم دەپ ناخشا توۋلايدۇ ،
قولىدا ، بويىندا خۇددى يېشىل مارجان ئۇزۇم دەيمەن .

يىراق شاڭخەي ، يەنە لوندون ئۇزۇمدە بىلدى تۇرپاننى ،
شەرەپ ، نۇسرەت ئاتا قىلغان ئۇلۇغ دېھقان ، ئۇزۇم دەيمەن .

ئۆزۈمنى خالىسا كۆڭلى قولى كۆكسىدە سەيياھقا ،
ئۆزۈمدە يار بىلەن بۆيلۈق مىسال چولپان ، ئۆزۈم دەيمەن .

ئۆزۈمدە ھاتىمى بايدەك سېخىي بۈندا جىمى باغۋەن ،
ئېرا بويلاپ يۈرەر ئالغا بۈگۈن كارۋان ، ئۆزۈم دەيمەن .

قەلبلەردە تۈمەن ئارزۇ كېلەر كىشمىشكە بوي تارتىپ ،
مانا ، توي ئەۋجىگە چۆمدى دىغار ، چالقان ، ئۆزۈم دەيمەن .

ئۆزۈملۈك باغ بۆشۈك بولغاچ سەبىيلەرنىڭ تىلى تاتلىق ،
ھاياتى چېكىدە ئاخىر يەنە ئارمان ، ئۆزۈم دەيمەن .

ئۆزۈم دەيمەن ، ئۆزۈم دەيمەن ، ئۆزۈم بەرگەن ماڭا ئىلھام ،
كۆيۈمدە ياغدۇرۇپ ئالقىش ، يېزىپ داستان ئۆزۈم دەيمەن .

## 80

ئۈمىدتىن ئايرىلىپ قالما ، ئۈمىد ئۇ جانغا ئوخشايدۇ ،
ئۈمىد ئىچرە كۆلۈپ تۇرغان قىزىلگۈل قانغا ئوخشايدۇ .

يىراق چۆللەر ئارا قالغان قەدىم كارۋان ئىزى بىلسەڭ ،
تۈنۈگۈن ئۈنتۈلۈپ قالغان خاماندا دانغا ئوخشايدۇ .

يۇلۇڭ يىتسە ، مېلىڭ يىتسە ، ئۈنىڭغا ئاغرىما ھەرگىز ،
ئۈمىد ئۇ ھەممىنى بەرگەن ئاجايىپ كانغا ئوخشايدۇ .

ئۆزۈڭنى ئالدىما ھەرگىز نېسىپ بولماس ئۈمىدلەردە ،
ئۈمىد ئۇ بەزى چاغلاردا قۇرۇق ئوقدانغا ئوخشايدۇ .

نىيازى ، ھەممىنى ئېيتتىڭ ، ئۇمىدىڭ يىلتىزى مېھنەت ،
قولۇڭدىن گۈل ئۈنۈپ تۇرسا ھايات بوستانغا ئوخشايدۇ .

## 81

ۋاپادىن تامچە سۇ تۇتساڭ ، ساڭا ئوكياننى باشلايمەن ،
ئايازدا تەمتىرەپ قالساڭ ، ئۇلۇغ گۈلخاننى باشلايمەن .

جاپانىڭ تېگىدۇر راھەت ، جاپا چەكمەي بەخت نەدە ؟
مۇشەققەت چۆلىدە قالساڭ ، چىمەن - بوستاننى باشلايمەن .

دىدار دەيمەن ئۈزۈن تۈنلەر ئەقىدەمدىن پۈتۈپ نەزمە ،
كېلەر بولساڭ خۇشاللىقتىن يېڭى داستاننى باشلايمەن .

سېنىڭ بىرلە ھاياتىمنىڭ باھار ، يازى كۈلۈپ باققاي ،
يۈرەكىم تۆرىگە سەندەك ئەزىز مېھماننى باشلايمەن .

چۈشۈم ئىچرە سېنى كۆرمەي يېشىم تۆكسەم خىزىر ئېيتتى :
چىداملىق بول ، مانا مەن بار ساڭا چولپاننى باشلايمەن .

مۇھەببەت بەختىگە چۆمگەن كىشى ھىجراننىمۇ بىلسۇن ،
سەۋرنىڭ بىر چېتى جەننەت ، ئۆزۈم رىزۋاننى باشلايمەن .

نىيازى ، بولمىساڭ مەجنۇن قۇچاق ئاچماس ساڭا لەيلى ،
كى ئاشىق سېپىدە تۇرساڭ گۈلى جەۋلاننى باشلايمەن .

## 82

ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر ، قىل ئېھتىيات ،
چېغىدا بولغاي ، لېكىن ، بىل ئېھتىيات .

سىنى كىم دوستۇم دىسە، دوستۇڭ ئەمەس،
يەنىلا لازىم بولۇش زىل، ئېھتىيات.

رەقىبىڭ كۆڭلى ساڭا بولسۇن روشەن،
ئايۇكۇن، بەزىدە قىل يىل ئېھتىيات.

بۆرىنى قوزا دىسە چىن پۈتمىگىن،
بۆرىسى راست بولمىسۇن پىل، ئېھتىيات.

نەدە بار پاختا ئارا چوغ ساقلىغان؟
كۆلى كۆل، دەرياسىدۇر نىل ئېھتىيات.

شۇنىسى سەمىڭدە بولسۇن، ئۇنتۇما،
بەزى بولغاي تام ـ توسۇق بىل، ئېھتىيات.

## 83

ئېقىنغا قارشى يول ئالغان قېيىقنىڭ تەسۋىرى مەندە
راۋاج تاپقاچ، شۇڭا چاقنار ئەقىلنىڭ ئەختىرى مەندە.

سوئاللار باسسا يەلكەمدىن ساماغا ئىتتىدا قىلدىم،
تىنىمسىز پەي ـ قانات قاقتى پىكىرنىڭ كەپتىرى مەندە.

ئەقىدەم گۈللىرى كۈلدى چىمەنلەرگە قوشۇپ زىنىنەت،
ئۈيۇل تاشتەك ئۈيۈپ قالدى ھالال تەرنىڭ سىرى مەندە.

ۋاپا، مەردلىك ئىجادىمنىڭ ئۈلى بولدى، جاھان كۈلدى،
تۆكۈلدى خۇددى يامغۇردەك مۇھەببەت كەۋسىرى مەندە.

رەقىبلەر ھەر نېمە ئېيتتى ، بىراق قالدى ياقا چىشلەپ ،
ئۆلارغا بەرمىگەچ ئىمكان ، پاراسەت شەمشىرى مەندە .

دىلىمدا ياخشىلىق كۆلسە قولۇمدا ۋايىغا يەتتى ،
بۆيۈك مەنە بىلەن تولدى ھاياتىنىڭ دەپتىرى مەندە .

نىيازى ، بولدى بەس ئەمدى ، ئۆزۆڭنى ماختىما ، دەپ باق :
زەررىچە بارمۇ - يوق زادى تەمەننانىڭ كىرى مەندە ؟

## 84

ئىمتىھان بىلدىم ھاياتنى ، ئاقىۋەت ،
ئىستىكىم تاپماق نىجاتنى ، ئاقىۋەت .

نەمدىمەي ئۆتتۆم كۆزۆمنى بىر ئۆمۆر ،
غەيرىتىم بەردى سۆباتنى ، ئاقىۋەت .

كۆلدى كۆك ، تاغلار - داۋانلار ھالقىدىم ،
دوستلىرىم پۆتكەچ قاناتنى ، ئاقىۋەت .

تەلمۆرۆپ تاپتىم سۆكۆتلەر ئىچىدىن ،
چايغا چاي ھەمدە ناۋاتنى ، ئاقىۋەت .

ئالدىنىپ غەپلەتكە يەمچۆك بولمىدىم ،
ئىدرىكىم قىلدى پاراتنى ، ئاقىۋەت .

نىم جېنىم قالغاندىمۇ پەيلىم يامان ،
تۆتىمەن ئاشنا ئىجادنى ، ئاقىۋەت .

## 85

(مۇۋەششەھ )

ياقتۇرۇپ سۆيگەن نىگارىم سەن ئۆزۈڭ ،
خۇش پۇراق تۆككەن باھارىم سەن ئۆزۈڭ .

ئاختۇرۇپ سەندەك گۈزەلنى تاپمىدىم ،
بىر ئۆمۈر كۆيسەم خۇمارىم سەن ئۆزۈڭ .

شەۋكىتىم ، قەدرىم ئاشۇردۇم تەر بىلەن ،
باغدىكى ئالما ، ئانارىم سەن ئۆزۈڭ .

لاپ ئەمەس جانىڭغا قالقان بولمىقىم ،
كۈچ - قۇۋۋەت تەندە مادارىم سەن ئۆزۈڭ .

ئىز سىلىپ ئۆتمەك ھاياتقا ئىستىكىم ،
تۈننى مات قىلغان ناھارىم سەن ئۆزۈڭ .

قايتۇرۇپ بولماس يىگىتنى سۆزىدىن ،
ئەل ئارا ئەھدىم - قارارىم سەن ئۆزۈڭ .

## 86

يۈرىكىمدىن ياقتۇرۇپ سۆيگەن جانان ،
سەن ئەمەسمۇ ، سەن ئەمەسمۇ مېھرىبان ؟

قەلبىمىزدە ياشنىتىپ سۆيگۈ گۈلى ،
ياندىشىپ كەلدۇق بۈگۈنگە يانمۇيان .

گاھ تۇرۇپ ، گاھى يىقىلدۇق ، ئۆرلىدۇق ،
ئارقىمىزدا قالدى سانسىز تاغ - داۋان .

قۇت - بەخت كەلمەيدىكەن قىلماي كۈرەش ،
بەزى مەغلۇپ ، بەزى بولدۇق قەھرىمان .

تۇغۇلۇپ تاكى ئۆلۈپ كەتكەن قەدەر ،
تاپشۇرار ئادەم ھاياتقا ئىمتىھان .

خۇشلۇقۇمدا شۇنى دەيمەن ھەر زامان ،
سەن مېنىڭ بەختىمگە بولغىن ، بول ئامان .

ياشلىقىم قىسمەت سېنى ئۇچراشتۇرۇپ ،
قىلدى كۆپ مەنە ئۆمۈرگە ئارمىغان .

ئۆگىنىپ ، ئىشلەر ئىدۇق تاپماي تىنىم ،
تەر بىلەن كۈلگەن ئېتىزلار ، باغ - ۋاران .

ئەجرىمىز ئالتۇنلىرى ئاق پاختىلار ،
چاقنىغان كۈن نۇرىدا ئاق مۇزسىمان .

جۇپ يۈرەكنى ئىللىتىپ سۆيگۈ ئوتى ،
ئايلىنىپ كەتكەن تومۇزغا قەھرىتان .

شاد - خۇرام ئۆتكەن مىنۇتلار بەرقىدە ،
يوق ئىدى ھەرگىزمۇ قىلدەك دەرد - پىغان......

سىرى كۆپ ، سىرلىق ئەجەب ئۇشبۇ جاھان ،
ئايرىدى بىزنى بىۋاق پەيلى يامان .

«خوش» دېيىشكە بەرمىدى پۇرسەت نېتەي ،
مەن سەپەر قىلدىم يىراققا — چۆل تامان .

خۇددى بىر ئەرۋاھ بولۇپ كەتتۇق تۇگەل ،
ئايرىلىش قىلدى يۈرەكنى لەختە قان .

مەن مىسال ئۆزگەرمىگەن ياۋۇز رەقىب ،
ئارىمىز «ئوچۇق» ، ئۆزۈڭمۇ ناتىۋان .

يوشۇرۇن يازغان خېتىڭنى ساقلىدىم ،
سارغىيىپ بولدى جامالى خەس - سامان .

كۆلكىدىن كەچتىڭ ، مېنىڭدىن كەچمىدىڭ ،
ماڭىمۇ چاڭ سالمىدى تەشۋىش ، گۇمان .

ياشىدۇق ، بەردى ئۈمىد پۈتمەس چىدام ،
كېلىدۇ پەيتى ۋىسال دەپ بىز ھامان .

بولمىغاي ئاتمايدىغان تاڭ ھېچقاچان ،
كۆك ئارا چىققى قۇياش تارقاپ تۇمان .

نەۋباھار دوستلار بىلەن تاپتۇق دىدار ،
سۇ ئىچىپ كۈلدى چىمەنلەر ، كۈلدى جان .

ئاستىدىن قۇمنىڭ گۆھەر ئالغان كەبى ،
كەلمىدى قولغا مۇشۇ كۈنلەر ئاسان .

ئۆزىمىزنى ، سۆيگۈمىزنى تاۋلىدۇق ،
شۇ قارا يىللار چېكىپ ھەسرەت - پىغان .

مەن بوۋاي ، سەنمۇ موماي بولدۇق مانا ،
چېچىشار شوخ نەۋرىلەر ئوغلاقسىمان .

ئايىماي بەردى هايات بارنى تولۇق ،
ئۆتتى كۆنلەر ياش تۆكۈپ هەم شادىمان......

كەچمىشىم يەتسە خىيالغا هەرقاچان ،
سۆيۈنۈپ ئېيتار سۆزۈمدۇر شۇ هامان .

سالسىمۇ هەر كويغا تۇرمۇش قايىنىمى ،
مەن بىلەن تۇردۇڭ جاپادا يانمۇ يان .

چىقسا بوران ، چاقسا چاقماق مەڭدىمەي ،
سىنىشىپ ۋە سىردىشىپ بولدۇق ياران .

ئەندىشە دىللارنى هەرگىز يوقلىماس ،
تېخى تەييارمىز بېرىشكە ئىمتىهان .

سەن دېمەك بەختىم ، باهارىم بىر ئۆمۈر ،
يوق ماڭا ئالەمدە سەندەك مېهرىبان .

يات ئەمەس قانلىرىمىز هەم ئۆزئارا ،
بىز ئۈرۈش ئىچرە يېتىلگەن قەهرىمان .

## 87

يار مېنى ئاھ ، بىناۋا قىلغانمۇ سەن ،
دەردلىرىمنى بىداۋا قىلغانمۇ سەن .

مەن ئەمەس ، مەندەك تالاينى كۆيدۈرۈپ ،
ئاقىۋەت گۈلخان - لاۋا قىلغانمۇ سەن .

چۈشلىرىم چىنلىقتا تەبىر تاپمىدى ،
ھەممىگە تەڭ مۈپتىلا قىلغانمۇ سەن .

چۆل كېزىپ يۈرسەم گويا مەجنۇن بولۇپ ،
باغ ئارا گۈلدەك جۇلا قىلغانمۇ سەن .

مەيلىدى ئاخىر ۋىسال بولسا نېسىپ ،
ياق ، يېشىمنى كەھرىۋا قىلغانمۇ سەن .

بىر سېنى بۇلبۇلغا ئوخشاش كۈيلىسەم ،
يۈرىكىمگە قار راۋا قىلغانمۇ سەن .

كىم مېنى نازىڭغا گول بولسۇن دېدى ،
ئىدرىكىم يوقتۇر ، جۇدا قىلغانمۇ سەن .

1985 — 2005 - يىللار

# تەخمىسلەر

## ياز تۈنى

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

هەر پەسىلنىڭ ئۆزگىچە بىر خۇلقى بار، بىر نازى بار،
ئەركىنى قايسى دېسەڭ، گۇللەر ئېچىلغان نەۋباهار،
كۈز خازانلار سەپ ساما، قىش قار - چېچەكلەر يالتىرار،
ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق، بولغاي هاۋا ئىسسىق ۋە تار،
هەر كۈنى ئاخشامنى كۆپ جان خالىغاي بىئىختىيار.

كۆيدۈرەر ئوتتەك هاۋا، ياز مايىسلار هالى خاراب،
ياتىدۇ نىمجان بىتاپتەك چۆل ۋە ئېدىرلار قاغجىراپ،
مال - ۋارانلار مەرىشەر ئاھ، سۇ بولار خۇددى گۇلاب،
كېچە هەركىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا قاراپ،
«كەل جېنىمنىڭ راھىتى» دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

كۈن ئۇزاق، غەشلىك كۆڭۈل بەرمەس ئارام ئۆستەڭ - ئېقىن،
تۈن سۇكۇت بىرلە بىپايان، يامغۇرغا كۆك چاقماس چېقىن،
گاھ كېلەر سالقىن شامال، بارماس ئۇزاق بۇ دەم لېكىن،
كۆك يۈزى ساپ، ئۇندا يوق تاپ بارچە يۇلتۇزلار يېقىن،
شۇل يىراقتىن خوپ يېقىنلاشقانغا ئوخشاش پارقىرار.

پەر قېقىپ يۇلتۇز ئارا مۇڭلۇق مۇقام كەلسە بىرە ،
سەجدىگە چۈككەن دەرەخلەر شوخلىنىپ بىر چۇش كۆرەر ،
جۇپ يۈرەكلەر سۆيگۈلۈك ، كۆزلەرگە كۆزلەر تەلمۈرەر ،
ھەر كىشى بۇ خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق ئىلە ،
گەپلىشىپ يانىدا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار .

ھېسلىرى دەريا - دېڭىز ، پىكرى گويا ئۈزگۈر كاراپ ،
غېمىدە ئەل - يۇرتىنىڭ بولغان يۈرەكى ئوت - كاۋاپ ،
قولىدا ئۆتكۈر قەلەم ، قەلبىدە چەكسىز ئىزتىراب ،
بار مەگەر شائىر غېرىب ، يالغۇز ياتار كۆككە قاراپ ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار ، يەردە پەقەت شائىر يانار .

# بىۋاپا

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

مەنكى ئاشىق ، دىلبىرىم تۈنلەردە غەمخار بولمىغاي ،
كۆيگىنىم كۆيگەن ئۆزى ، ھەرگىزمۇ خۇشتار بولمىغاي ،
شۇ سەۋەب ھەسرەتلىرىم يازغانغا ئىزھار بولمىغاي ،
ھېچ كىشى مەندەك يەنە بۇ دەردكە دۇچار بولمىغاي ،
كۆڭلى قارا بىۋاپاغا ھېچنېمە كار قىلمىغاي .

ھەرقاچان تۈنقاچ ئۇنى ئۆزۈمگە مەن سىرداش - يېقىن ،
نامىنى ئالسام تىلىمغا سۆيگۈم ياسار ئۆركەش - ئېقىن ،
سوغ نەزەر بىرلە دىلىمنى ئۇ ئۆرتىدى تاشلاپ چېقىن ،
بولسا بولغاي مىڭ بالاغا مۇپتىلا ئەمما ، لېكىن
تاش بېغىرلارنىڭ ئوتىغا ئەسلي گىرىپتار بولمىغاي .

يار دېدىمىۇ سۆيىمىدىم ، قەلبى ئىكەن مەندىن يىراق ،
مەنكى ئاھ ، كۆيگەنىدىم گويا بولۇپ بىر شام ـ چىراغ ،
ئۆزمىدىم ئەمما ئۈمىد ، كۆيگەنچە باغلاپ ئىشتىياق ،
ئىشق ئوتىدا كۆيگۆچە خۇمداندا كۆيگەن ياخشىراق ،
بىۋاپا يارنىڭ ئوتى دوزاختا بولغاي ـ بولمىغاي .

چىن يۈرەك بىرلە كۆيۈپ كەلدىم ، بىراق ئۇ بىلمىدى ،
ئەل ئارا سەۋدايى بولدۇم ، قىلچىمۇ شەپقەت قىلمىدى ،
تەلمۈرۈپ تالدى كۆزۈم ، مېنى نەزەرگە ئىلمىدى ،
كۈن ـ تۈنى ھېچ ئۇيقۇ يوق ، كۆيۈك ئازابى قىينىدى ،
تەلۋە بولدۇم يا ساراڭ ، ھالىمغا باققاي ـ باقمىغاي .

يار ئۇ يىراقتا ، بىر مىنۇت كۆڭلۈم ئارام تاپماس مېنىڭ ،
سارغىيىپ ياپراقسىمان ئاھ ، يۈرىكىم سوقماس مېنىڭ ،
تومۇرۇمدا قانلىرىم ئۆركەش ياساپ ئاقماس مېنىڭ ،
يارسىز ھەر مەنزىرە كۆڭلۈمگە خۇشياقماس مېنىڭ ،
مەجنۇنى دەشتنى كېزىپ لەيلىنى تاپقاي ـ تاپمىغاي .

قايسى كۈن باقتى كۈلۈپ ئەقلىمنى زەررە قويمىدى ،
بەك چىرايلىق ئۇ شۇ تاپتا گۈلمۇ يا رەيھانمىدى ؟
باغلىنىپ قالدىم يەنە ، ئەمما بۇنى ئۇ تۇيمىدى ،
بىر كۆرۈپ قالدىم نەكۈن ئىككىنچى نېسىپ بولمىدى ،
ئۆز ئۈمىد دېسەم كۆڭۈلگە ، تېخىمۇ يالتايمىغاي .

تۈنجى رەت كۆرگەن چېغىم ئۇ راست ماڭا مايىلمىدى ،
جان پىدا ئەيلەپ سۆيۈشكە بىر ئۆمۈر نائىلمىدى ؟
ۋەسلىنى قۇچماق ئۈچۈن قىلچىمۇ ئىمكان بولمىدى ،
بىۋاپا ، كۆڭلى قارا نە بولدى ، يارىم ، دېمىدى ؟
ئۆمۈر باھارىم پەسلى كۈز ، يامغۇرى ياغقاي ـ ياغمىغاي .

# بىلىم ئىشقىدا

(نىمشىھىتىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئالارغا جاننى ئاھ، قىيىناپ نادانلىقتەك سوغۇق دار يوق،
مەرىپەتسىز كۆڭۈل مۇدھىش مىسالغا قاپقارا غار يوق،
شاياتۇن پۈۋلىسە كۆكتە ئۇچارغا قۇل كەبى شار يوق،
جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.

كۆڭۈل تۇندۇر، بىلىم نۇردۇر، ئۇنى سۆيگىن ئوغۇل-قىز، ياش،
بېرىپ ئىشقىڭنى-مەيلىڭنى ئۇنىڭ بىرلە ھامان سىرداش،
قەيەردە بول يۈلەنچۈك ئۇ، تېپىلماس باشقا بىر قولداش،
قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىرنەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئار يوق.

جاھان رەپتارىغا باقماي نىھايەت غەيرىي يول تۇتساڭ،
پېرىخون چالسا دۇمباقنى ئاڭا ھۆرمەتتە گۈل تۇتساڭ،
ئەيىبنى قويغۇلۇق كىمگە يەنە خىلۋەتتە قان يۇتساڭ؟
كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

پەرەڭ نە كويدا ھەي، ھازىر يات بۇ نادانلار يادىغا،
بىخۇدلۇقتۇر تۇتۇش باشنى خالاپ ئۆزى دار-جادىغا،
كېلەر تارلىق پەلەك-كۆكمۇ غاپىل يۈرەكنىڭ دادىغا،
قۇلاق سالساڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ پەريادى-ئاھىغا،
يۇتۇپ زەرداب، پىراقتىن داد دېمەكتىن باشقىچە زار يوق.

بىلىمنىڭ يولىغا كىرگەن كىشى ھەرجايدا رۇس ـ بەردەم ،
بولار تەسلىم نى مۇشكۇللەر ، ئۇنىڭغا يار ئەقىل ھەم پەم ،
ئاسايىشلىق يەنە ھەمراھ ، جاھاندا يوق ئۇنىڭغا كەم ،
تەپەككۇر ئەيلىسەڭ ئىشقى ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ھەردەم ،
قاراڭغۇ دەر يورۇق دۇنيانى ھەم ئالەم كەبى تار يوق .

مەرىپەتتىن يىراق يۈرگەن چېغىم قەلبىممۇ كىر بولغان ،
تالاي ئاددىي ، ئاسان ئىشمۇ نېتەي ئالدىمدا سىر بولغان ،
كى ئىدراك بولمىغان باشىم ئېغىر يۈكلەردە گىر بولغان ،
يۈرۈپ مەنمۇ گۈزەل ئىزدەپ جاھالەتكە ئەسىر بولغان ،
خالايىق ئالدىدا يۈرسەم مېنىڭدەك بەلكى ئەغيار يوق .

كۆرەڭلەش چوڭ جىنايەتتۇر بەخت ئۇ باشقا قونغاندا ،
كۆلەر ئىقبال قىزى ئادەم دىلى ھېكمەتكە تولغاندا ،
بىلىم ئالتۇن دېگەيسەنكىم جېنىڭنىڭ گۈلى سولغاندا ،
ھاياتىمغا رەقىبلەر خاتىمە بەرمەكچى بولغاندا ،
قىلىپ توۋا بولۇپ ئازاد دېدىم : بۇ يولدا زىنھار يوق .

مېھىرلىك بول قېرى ـ ياشقا ، بىراق قەلبىڭنى تار تۇتما ،
مۇھەببەت گۈلىنى كۆلدۈر ، پەقەت مۇز ياكى قار تۇتما ،
يورۇق بەر ئەتىگە ئۈنىسىز كۆڭۈلنى بەلكى غار تۇتما ،
پاراغەت ئىستىسەڭ ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما !
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق .

مەگەر ئىنسان دىلى تۇپراق ، گويا قۇم تەشۈشى بولسا ،
تومۇزنىڭ بورىنى ئىدراك يېڭىلمەس قولدىشى بولسا ،
بەختتىن كۆلگۈسى بەرھەق كىتابلار سىردىشى بولسا ،
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا ،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس ، بىلىمدەك ئاڭا غامخار يوق .

يېرىپ تاغ سۇ ئېلىپ كەلدى ئەقىل بولغاچقا پەرھاتتا ،
ئىلىم ئىزدە ، ئۆگەن مەيلى ئەگەر ئۇ بولسىمۇ ياتتا ،
ھايات بىناسىغا شۇ چاغ سالارسەن ئۇلىنىمۇ كاتتا ،
بىلىمسىز ساق بۇ تېنىڭ مەجرۇھلاردەك نالە ـ پەريادتا ،
جاھان ئىچرە بىلىمسىزلىك دىلىدەك ئەسكى بىمار يوق .

بىلىم بىرلە كىشى بايدۇر كى بولسىمۇ كىيىم جۇل ـ جۇل ،
قاناتسىز ئۇچىدۇ كۆكتە بولۇپ گوياكى بىر دۇلدۇل ،
ئىزى چۈشكەن دەشت ـ چۆلدە ئۈنەر رەيھان ، كۆلەر سۇمبۇل ،
بىلىمگە ئاشىنا بولساڭ ئوقۇش ئىشقىدا بول بۇلبۇل ،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ياخشى گۈلزار يوق .

قۇرتتىن نە بولار پەرقىڭ جاھالەتكە پېتىپ ياتساڭ ،
ھازازۇل تاشلىغان تورغا مۇرادىڭنى چېتىپ ياتساڭ ،
سېنى قارغايدۇ ئەۋلادلار گويا بۇتتەك قېتىپ ياتساڭ ،
بۇ كەڭ دۇنيانىڭ قانداق پۇچقىقىغا تىقىپ ياتساڭ ،
بىلىم تارتىپ چىقار مەيدانغا ھېچبىر كىمگە ئەخبار يوق .

سېنى ھېچكىم ئېتەلمەس تاك بىرەر ، ئىككى ھۈنەر بىلسەڭ ،
بىلىملىكنى تۇتۇپ ئۇستاز كىتابلارنى گۆھەر بىلسەڭ ،
تۆكەر ئاسمان ساڭا ئامەت مۇرادىڭنى ھۆكەر بىلسەڭ ،
بىلىم روھى ئوزۇق ئىنسان ھاياتىغا ئەگەر بىلسەڭ ،
بىلىمنىڭ قەدرىنى بىلگۈچى ئۆلمەس ، بۇڭا ئىنكار يوق .

بىلىمگە يار ئەزىز باشىڭ تۇماندا ئايلىنىپ قالماس ،
كېپىلمەنكى ، بىلىملىكلەر بىراۋغا ياللىنىپ قالماس ،
مەرىپەت مېھرى بىر نۇركى ، قارا تۇندە ئۆچۈپ قالماس ،
چاپان ھۆرمەتلىرى ھېچ چاغ چاپاندىن ئايرىلىپ قالماس ،
كېتەر پۇلدىن يىغىلغان ھۆرمىتىڭ پۇل بىرلە ئەسرا يوق .

زۆرۇر ئىنسانغا پەن ناندەك ، مىسال ئاددىي تۇماقچىسەن ،
ۋەيا يولدا پادا ھەيدەپ ئۆتەرگە بىر ئۇلاغچىسەن ،
تېخى كادىر ، تېخى ئىشچى ، يەنە دېھقان ـ ئوتاقچىسەن ،
چاپان بىرلە ئۆزۈڭنى پارقىراتساڭ بىر بوياقچىسەن ،
بىلىم ئەسىرى بۇگۈن ، سىرلىق چاپانلارغا خېرىدار يوق .

قەيەردە بار يوغان سىرتماق نادانلارنىڭ ئىشى ئوخشاش ،
بىلىملىك بولسىمۇ نامرات يۇرەر ئەڭ باي كىشى ئوخشاش ،
كۇمۇش ، ئالتۇن ئەمەس باقىي پەسلنىڭ ياز ، قىشى ئوخشاش ،
بۇلاردىن قولغا كەلگەن ئابرۇي جىنلارنىڭ چۇشى ئوخشاش ،
خىيالى بۇ تىلەكتە سەن كەبى باخشىغا جىندار يوق .

بۇ تۇرمۇشنىڭ يولى سىرلىق ، بىلىملىك تەمتىرەپ يۇرمەس ،
بىلىمگە كۆيمىگەن ئادەم ئىشى ھەر جايدا ئوڭ كەلمەس ،
بىلىمدىن ئۆزگىگە ھەرگىز كۆڭۈل بەرمە بولۇپ ئاھ ، مەست ،
گۇمان قىلما پەلەكنى دائىم بەختىڭگە چۆرگىلىمەس ،
بۇگۈن باي ، ئەتە سەندەك ھېچ گاداي يوق ، بەلكى قەرزدار يوق .

كۆيەر پەرۋانە ئاتەشتە ، ھالاك بولماق ۋاپاسىدۇر ،
بىراق قۇشلار كېتەر كۇزدە ، مۇشۇ مۇتلەق خاتاسىدۇر ،
تۇغۇلغان يۇرت بۇيۇك قىبلە ، ئۇ ئىنساننىڭ ئاتاسىدۇر ،
بىلىمدىن چەتتە كۆرگەن دۆلىتىڭ جانىڭ جاپاسىدۇر ،
جاپا قىلماققا جېنىغا بىلىمسىزدەك ستەمكار يوق .

بىلىمنىڭ قۇدرىتى چەكسىز ، ئەمەس ئالەمگە ھېچ سىر بۇ ،
بىلىملىك دەسسىگەن ھەر جاي مەئىشەت تەل قەسىردۇر ئۇ ،
(بىلىمسىز بولسا گەر ئادەم ، ھاياتقا داغ مىسال كىر ئۇ ، )
بىلىمدىن ھەممە ئىش مەيدانغا چىققان ئەسىردۇر بۇ ،
بىلىش لازىمكى ، بىلىمسىزلەرگە بۇ ئەسىردە خېرىدار يوق .

جاھاننى يورۇتار ئۈنسىز ، نەزەر سال كۆكتە ئاي ھەم كۈن ،
تاراتقان نۇرلىرى ئەتكەي جىمى جانلىقنى يار ، مەپتۇن ،
يەنە شامۇ تۆكەر شولا ، تۈگەر جىسمى چىقارماي ئۈن ،
بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا قاراڭغۇ تۈن ،
قۇياش نۇرىغا مۇنكىر - نەكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق .

بىلىملىكنى كۆتۈر باشتا ، لېكىن باغرىنى قان قىلما ،
يۆلەك بولغىن ، تىرەك بولغىن ، يېرىم بۇردىنى ئان قىلما ،
بولۇپ بەر يولىدا كۆۋرۈك ، يوچۇن ئارزۇنى سان قىلما ،
زېمىننى توپ قىلىپ ئويناشنى سەن چاقچاق ، گۇمان قىلما !
ھەقىقەتتۇر بۇگۈن ھەر ئىش كەمەكتەك جادى - ھەييار يوق .

بىلىمنى بىلمىگەن جاھىل قاۋاندۇر جېنىدىن تويغان ،
بىلىمدىن مۇشۇ ئالەمدە نى مۇشكۇل يوقتا باش قويغان ،
بىلىملىكلەر پەقەت بىلگەچكىلا تاشلارغا گۈل ئويغان ،
ئەجەبلەنمە ، بۇلار كۆڭلى بىلىم نۇرىدا نۇرلانغان ،
شۇنىڭچۈن كۆكتە ، سۇدا ، تاغ ، دېڭىزدا يۇرسە دىشۋار يوق .

گويا ھالى يوپۇرماق - خەس بىلىمگە يۇرىكى كۆيمەس ،
گۈزەلدۇر ئۇ قىزىلگۈلدەك يەنە توزدەك كىشى سۆيمەس ،
بىلىمدىن تۆھپە قوشقانلار يۇمار كۆز ۋە لېكىن ئۆلمەس ،
بىلىمدىن تاغنى باغ قىلىشتا ھېچقانداق جاپا كۆرمەس ،
ھەسرەتتىن قان يۇتاردا نادان كىشىلەردەك جاپاكار يوق .

جاھان سىرلىق جاۋاب ، سىرغا بىلىمسىز يەتكىلى بولماس ،
ئۆگەنمەي پانىي دۇنيادىن بىراقلا كەتكىلى بولماس ،
كۆڭۈل دەپتىرىگە پەنسىز بىرەر خەت چەككىلى بولماس ،
جاھىللار كۆڭلى تۈن ئوخشاش ، ئۇنى پەرق ئەتكىلى بولماس ،
قارا تۈنگە شەپەرەڭدىن بۆلەك ئەسلا تەلەپكار يوق .

بۈيۈكلۈك بولغۇسى يارىڭ ئۈگەنسەڭلا ئىلىم ـ ئىرپان ،
ئۇنىڭدىن باشقىنى ئادەم يەنە قىلمايدىغۇ ئارمان ،
نىيازى ، سەنمۇ ئۆمرۈڭدە بىلىم دەپ كەچ دىگىز ـ ئوكيان ،
ئۆزۈڭ ھەم «نىمشىھىت» بۇ پىكرىڭنىڭ تەستىقى بول قۇربان ،
بىلىمدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق .

## ئەرزى ھال ئەتتى

(شۇكۇر يالقىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

كۆزۈڭنىڭ قارىسى قىيناپ ناھارنى تۈن ، زاۋال ئەتتى ،
چېچىڭ ئىپارلىرىن پۈركۈپ دىماغلارغا شامال ئەتتى ،
قەلەملەر يورغىغا چۈشتى نى تەسۋىرنى كامال ئەتتى ،
سېنى كۆرگەن كىشى بىر يول خىيال دەپ بۇ خىيال ئەتتى ،
خىيالىدا بۇ ھۆرمۇ يا پەرىمۇ ، دەپ سوئال ئەتتى .

جانان ئۆز بولسىمۇ سەندەك بولامدۇ ئاقىۋەت ياپىر ،
پىكىر ھەم تۈيغۇلار ئۈچتى ، نەتىجە يەنىلا تاقىر ،
ئۆزۈڭ ئېيت بائىسىن ئەمدى يېشىلسۇنچۇ نىھايەت سىر ،
تەبىئەتمۇ يارالغان ياكى قۇدرەتمۇ ئىلاھى بىر ،
نە ماھىر ئۇستا سەنئەتكار سېنى ساھىبجامال ئەتتى .

بۇغۇ بەرھەق چىشىڭ مارجان سۆزۈكلۈكتە لەئەل بولسۇن ،
ئۇنىڭ دانىسىغا تۆككەن سۆپەتلەر كۆي ـ غەزەل بولسۇن ،
گۈزەللىكتە ئۆزۈڭ يەكتا ، ساڭا توزلا مەسەل بولسۇن ،
پەلەكتە ئاي ، چىمەندە گۈل نىچاغلىق مىڭ گۈزەل بولسۇن ،
تەبىئەت ئاينى ، گۈلنى ھۆسنۇڭگە ئاجىز مىسال ئەتتى .

جىمى ھەيران پەقەت سەندە قىيام بولغان قىياپەتتىن،
تەبەسسۇم بالقىغان چېھرىڭ تۆكۈپ تۇرغان رىۋايەتتىن،
نېمە بولغاي قۇرۇق قالماي ئۆتۈپ كەتسەك ھىدايەتتىن،
ساڭا تەمسىل تاپالماي بۇ جاھاندا بار لاتاپەتتىن،
لېۋىڭ غۇنچە، كۆزۈڭ چولپان، قېشىڭ گويا ھىلال ئەتتى.

يارانقانمۇ سېنى تەڭرى بىراق نۇردىن ئېلىپ گويا،
سۇزۇلدۇرگەنمىكىن كۆكنى يۈزۈڭنى بىر سېلىپ گويا؟
بېھىش رەنالىرىغا تاق قىلىپ ئۇلگە، قېلىپ گويا،
نە ئاجىز ئوخشىتىش بولدى ساڭا تەقلىد قىلىپ گويا،
چىرايىڭ ئاي، يۈزۈڭ ئالما، دېدى قەددىڭ نىھال ئەتتى.

پاساھەتنى قىلىپ مەسخىرە بولۇپ تۇرغاچ ئۆزۈڭ بىر سۆز،
تىلى ئاجىز كېلىپ ناتىق كۆرەلمەيدۇ ئۆزىنى ئۆز،
تەرىپلەشكە سېنى دىلدار قەيەردە بار مۇۋاپىق سۆز،
ھۆسن تىللا ئۈزۈك بولسا، جامالىڭ ئۇندا ياقۇت كۆز،
دېگەن شائىر بۇ تەسۋىردە شۇ سۆزنى بەك قوپال ئەتتى.

گۈزەللىكتە ۋىناس نەدە؟ پەرىچۇ پېتىدىن چۈشكەي،
نىگاھىڭمۇ قايان ئاغسا شۇ يەرگە نۇر بولۇپ چۈشكەي،
بەختىمۇ سەن، گۈزەلمۇ سەن ۋاقىتلىق مۇشۇ خوپ چۈشكەي،
ھەقىقەتتە بۇ تەقلىدلەر ساڭا نۇقسان بولۇپ چۈشكەي،
سېنى ئۇ ماختىدىم دەپ، ھۆسنۈڭگە بەك ئۇۋال ئەتتى.

چۈشۈمدە سەن كۈلۈپ ئېيتتىڭ: سۈيۈمدە ئاق، ئوتۇمغا كىر،
رېئاللىقتا رەھىم يوقتۇر، ئاشالمايمەن سوئالدا قىر،
«سەۋەب بىرلە سېۋەتتە سۇ تۇرار» مەيلى كۆرەي تەدبىر،
پىراقىڭدا قارا كۆنلەرنى باشىمغا سېلىپ تەقدىر،
شۇ كۆنلەردىن ساڭا كۆز ياش ياساپ، مەڭزىڭدە خال ئەتتى.

قاچان يەتمەك نىسىپ بولغاي ئۆمۈرنىڭ نەۋ باھارىغا ،
مىسال ئىشقىڭ بىلەن بولدۇم موھتاج داۋايى ـ دورىغا ،
نىمە بولغاي بىر كۆلۈپ باقساڭ مىھىر خۇشتارىغا ،
مۇھەببەت ئوردىسىدا ھۆسنى تەختىن تاجدارىغا ،
ۋىسالىدىن تەمەگەر قۇل — بۇ يالقۇن ئەرزى ھال ئەتتى .

## بىزار بولدۇم

(تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

خىيالىڭدا ئۆزۈڭنى گۇل ، پېقىرنى بىر گىياھ قىلدىڭ ،
چىگىش سىرتماق سېلىپ دىلغا ، كۆڭۈمنى قاپقارا قىلدىڭ ،
ئۇيالماي خەلقى ـ ئالەمدىن تېخى سانسىز تاپا قىلدىڭ ،
مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن ، ئۆزۈڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ ،
ئەجەب گەپقۇ ، نىمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ ؟

سەھەردە شوخ سابا بىرلە يېزىپ مەكتۇپ ، سالام يوللاپ ،
ئەۋەتىپ يوشۇرۇن سوۋغات يەنە دوستلار ئارا قوللاپ ،
بىغەم يۈرسەم شەرەتلەپ ، گاھ چىمەنلەر باغرىغا چىللاپ ،
لېۋىمدىن مەي بېرەي ، گۈلدەك ئېچىلغىن ، دەپ مېنى گوللاپ ،
سېلىپ جىسمىمغا تەشنالىق ، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ .

بۇگۈن ئىنكار قىلىپ باشتا سالاملىق نامە يازغاننى ،
گويا ئۇردۇڭ بېشىمغا ئاھ ، قارا توقماقنى ، بازغاننى ،
ئەجەب بىلمەيتىمەن يارەب ، يولۇمغا ئورا قازغاننى ،
ماڭا سەن گۈل تاقايمەن دەپ ۋەلىكىن ئاتتىڭ ئازغاننى ،
بۇ قانداق گۈل تاقاش بولدىكى ، باغرىمنى يارا قىلدىڭ .

يىراق ئىچرە بۇ ياقتا مەن ۋىسالنى قىپ ھاياتقا كوي ،
بىپەرۋاسەن ، مېنىڭ ھەسرەتلىرىم بولدى ساڭا بىر توي ،
كۆپۈك ـ ماغزاپ بىلەن تەڭدۇر بۇيۇك قانچە ئەمەلسىز ئوي ،
كۆتۈرگەيمەن بېشىمدا دەپ لاپ ئۇرغانىنىڭ (كۆتۈرمەي قوي ) ،
مىنىپ گەجگەمگە ئەكسىچە «ئېلىپ» قەددىمنى «يا» قىلدىڭ .

قىلاتتى ئۇز سېنى بىلسەڭ ئوچۇقلۇق بەلكى كەمتەرلىك ،
گويا نۇردۇر مۇشۇ خىسلەت نىھايەت ئۇز ـ مۇنەۋۋەرلىك ،
ئېتەكىڭدە تىكەنلەر بار ، تونۇڭ گۈل بولسىمۇ زەرلىك ،
مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ ـ باراۋەرلىك ،
مېنى نېچۈن ساناپ داڭگال ، ئۆزۈڭنى بىباھا قىلدىڭ ؟

كۆڭۈل ئوۋلاش مۇراد بولغانىكىن ئەسلىي ساڭا لاپتا ؟
ئۇنتۇما بىر ماقالمۇ بار «بىگىز ئۇ تۇرمىغاي قاپتا» ،
سېنىڭ قەستىڭ ئايان بولدى ، تىلىڭ بال بولسىمۇ ياپتا ،
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۇر ئىكەن سەن ئوقۇغان باپتا ،
ئەمەس بولسا ، نېمىشقا مەن ۋاپا قىلسام ، جاپا قىلدىڭ ؟

مۇھەببەت بىر شاراب ، ئادەم شارابسىز ئۆتمىگەن زادى ،
ئوتى دوزاخ ئوتىغا تەڭ كىشى ئۆلمەپتىكەن زادى ،
ساداقەتسىز مەگەر كىمكى پەقەت كۈلمەپتىكەن زادى ،
جاھاندا تۇتىيانى ھېچ كىشى كۆرمەپتىكەن زادى ،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ .

مېنىڭدىن ئايرىلىپ بىۋاق ، ماتا ، چىت كەبى ئۆڭگەنسەن ،
ئىزانى ئاز ـ تولا بىلسەڭ ، نومۇستىن نەچچە ئۆلگەنسەن ،
غېرىبلىقتا تۆكۈپ قان ـ ياش ، ئۇنىڭغا بەلكى كۆنگەنسەن ،
ساڭا ياغدۇرسا ئەل نەپرەت تېشىنى ، ماڭا دۆڭگەمسەن ؟
مۇھەببەت رەسمى ئالدىدا ئۆزۈڭ سانسىز گۇناھ قىلدىڭ .

ھەۋەسكە مەيلىنى بەرگەن كىشى خالىي ئەمەس غەمدىن ،
ھامان يىغلار پۇشايماندىن قۇرۇمايدۇ كۆزى نەمدىن ،
ئۆزۈمدىن ئۆتتى (بۇ ھەم ئاز ) سەۋەبنى دېمىدىم سەندىن ،
سېنىڭدىن شۇنچە بىزار بولغىنىمنى كۆرمىگىن مەندىن ،
ئامالىم يوق ، بۇ ئەھۋالغا مېنى سەن مۇپتىلا قىلدىڭ .

# تاغ گۈلى

(ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

كۈلىدۇ كۆك تاشلىغان شەربەتتە ئۇ ،
شۇ سەۋەب كۆككە باقار ھۆرمەتتە ئۇ ،
ۋە ياشار ئۆزگىچە بىر قىسمەتتە ئۇ ،
تاغ گۈلى — تاغنىڭ قىزى ، خىلۋەتتە ئۇ ،
بەرگىدە ئۇنچە ئۇنىڭ ، زىننەتتە ئۇ .

تاڭ ئالار ئۆز قوينىغا تۈن ھەم گۈگۈم ،
تەبىئەت گاھ مېھرىبان ، گاھ بىكۆيۈم ،
ئۇ بىغەم ، خىيالىدا يوقتۇر ئۆلۈم ،
بۇندا جىمجىتلىق ئەجەب سۈرگەن ھۆكۈم ،
قارىساڭ ھۆر ، بەختىيار جەننەتتە ئۇ .

ئۈزىدۇ كۈنلەر بولۇپ ئۇچقۇر كېمە ،
ئويلىماس خۇددى شۇ تاپ ئۇ ھېچنېمە ،
ھەي بېرەر كەلمىش ئاڭا ئەمدى نېمە ؟
سەن ھاياتىنى كۆرۈپ گۈلنىڭ دېمە ،
راستلا سۈرمەكتە ئۆمۈر راھەتتە ئۇ .

ھەر نېمە تاپار كۈرەشتە قەدرىنى ،
شۇ يوسۇن بىل قۇش ، گىياھ ھەر زەررىنى ،

ھەمدە ئوت دەپ بۇ ھاياتلىق مەرىنى ،
بىلىمەن ، مىسكىنچىلىكنىڭ دەردىنى ،
سارغىيامدۇ قالمىسا غۇربەتتە ئۇ ؟

كەلسە كىم مەڭگۈ ياشاشنىڭ ئويىغا ،
مەڭدىمەي كىرسۇن قاياشلار تورىغا ،
جور بولۇپ ئۆتسۇن ئۇمۇمنىڭ خورىغا ،
كۆچۈرەتتىم گۈلنى چوڭ يول بويىغا ،
رازى بولسا گەر مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇ .

قىلغۇلۇق ئىستەك بىلەن غەيرەتنى تەق ،
تېز يوقار تۇرغاندا قۇملار يەكمۇ يەك ،
دەردى كۆپ كىم خالىسا خىلۋەتنى بەك ،
كۆرسە ئۇندا قايىنىغان ھاياتنى نەق ،
دەيتتى ئۆمرىگە ئىسسىت ، ھەيرەتتە ئۇ .

## ياخشى

(ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

مەگەر ئادەم بىتاپتۇركى مېھىر ئاتلىق داۋا ياخشى ،
ئازابتۇر بەلكى يالغۇزلۇق قاياش ـ دوست باشپاناھ ياخشى ،
كۆرۈمسىز بولسىمۇ ئاخىر ئاتا بىرلە ئانا ياخشى ،
تىرىكتاپ قاغا ـ قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى ،
سەھەر گۈلشەنىدە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى .

ساخاۋەتنى ئۇدۇم قىلغان جاھاندا بارچە ئاقىللار ،
ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغان يېتىشكەن قانچە قابىللار ،
بۇ ھەقتە سۆزلىسە ، ئەپسۇس ، چۈشەنمەس قىلچە جاھىللار ،

كىرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار ،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشىنا ياخشى .

بولالماس پەر كۈمۈش ھەم مىس ئەزەلدىن دۈرغا ـ ئالتۇنغا ،
سەمەندەر بولمىغاي پەرۋان ئۆزىن ئۇرسىمۇ يالقۇنغا ،
گۈزەل ، ئۇز لەيلىسى ، زۆھرە شۇڭا تاھىرغا ، مەجنۇنغا ،
تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا ،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۇلا ياخشى .

يۇرەكتە ئوت ـ تۇمارىم بار خەلق بەرگەن مۇھەببەتتىن ،
ئاشۇ سۆيگۈ مەدەتكارىم ئۆتۈشتە ھەر مۇشەققەتتىن ،
ماڭا ئامەت ، بەخت نەدە شاكال سۆلەت ، قۇرۇق گەپتىن ،
قەسەم بىللا تەمەيىم يوق بەھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن ،
پېشانەم تەرىدىن پۈتكەن بىمىننەت بورىيا ياخشى .

بىرىپ مېۋە دەرەخ باشىن ئېگەر بۇ پەزلى ھۆرمەتتۇر ،
ئۇنىڭغا شان ، قەدىر پۈتكەن ئانا يەر مىسلى قۇدرەتتۇر ،
نىھايەت چۆل ئارا قالماق تېپىلماس كاتتا پۇرسەتتۇر ،
مېنىڭ تاجىسىز ساياق باشىم ئۆزۈمگە تاجۇ دۆلەتتۇر ،
ئەركىسىز پادىشاھلىقتىن جاھانكەشتى گادا ياخشى .

تۇغۇلغان يۇرت ئەزىز شۇنچە ئۇنىڭ ھەر تاشلىرى زۇمرەت ،
گىياھلاردا كۆلەر ئەترە ، ئېقىن ـ دەريالىرى شەربەت ،
شۇڭا كۈن ـ تۈن پىكىر ، يادىم كۆيۈك — ئىشقى بىلەن ئۇلپەت ،
نەھاجەت جەننەتۇل مەئۋا ، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت ،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر ، لاچىنغا كەڭ ساما ياخشى .

گويا گۈلدەك ياشاپ كەلدىم ۋەتەن بەرگەن باھارىمدا ،
ئۇلۇغلاپ كۈي تۆكۈپ كەلدىم راۋاب ، تەمبۇر ، ساتارىمدا ،

ۋەتەننى دىلغا جا قىلدىم، بەخت بۇ ئىشتا ـ كارىمدا،
مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن داجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇۋاپا ياخشى.

## گۇمنام غەزىلىگە مۇشائىرە

يۈرەكىمدىن سىنى سۆيمەك ئۆمۈرلۈك چىن مۇرادىمدۇر،
مۇشۇ يولدا جاپا چەكسەم بەخت ئۇ بەلكى شانىمدۇر،
كۆزۈم يۇمسام، سەھەر ھىدلا قىزىلگۈل خۇش پۇراقىمدۇر،
بىلەمسەن دىلرەبا، ھۆسنۈڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر،
بۇ گۈلدۈرماما ـ چاقماقلار مىنىڭ پەريادۇئاھىمدۇر.

ناۋا قىلماس نىچۈن بۇلبۇل قۇچاق ئاچسا گۈلىستانى،
چىچىڭ سۇمبۇللىرى ئەلۋەك باھار، ياز باغۇبوستانى،
ساڭا جاننى نىسار قىلماق يۈرەكىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى،
ئۆزۈڭنى ئوت بىلەن تاۋلا، دىگەچ سەن سۆيگۈ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن، شۇ يالقۇن بارگاھىمدۇر.

دىدار پەيتلەر ئاسان كەلمەس ماجالسىز بەلنى پۈكمەسمەن،
ئۆسەكلەرگە بىرىپ سوققا، دىبان ئاھ، مۇڭغا چۆكمەسمەن،
يولۇمنى توسسا گەر دىشۋار، سىنىڭدىن ئەسلا كەچمەسمەن،
ئاداشسام زۇلمىتى دەشتتە تىڭىرقاپ نالە چەكمەسمەن،
جامالىڭ شولىسى پارلاق ئۇمىد بەخش سۇبھىگاھىمدۇر.

سۆزۈڭنى يادلىدىم ھەرچاغ، ئۆزۈمگە ئەيلىدىم ھەمراھ،
چىمەنلەرنى كىزىپ چىقتىم، ساڭا نەزمە پۈتۈپ تەنھا،
سىرىمنى ساقلىدىم پىنھان، بىراۋغا تىنمىدىم ئەسلا،
مالامەت، تەنە، تۆھمەتتىن، رەقىبتىن قىلمىدىم پەرۋا،
دىلىمغا ئورنىغان ئىشقىڭ نىجاتكار باشپاناھىمدۇر.

ماڭا دىلكەش بولۇر تەمبۇر سېغىنغاندا سېنى ھەر رەت ،
ئۇنى چالسام كۆيى بىرلە دىلىمدىن تارقىلار ھەسرەت ،
نوپۇزۇڭ شاھ بەجا قىلدىم ساڭا چەكسىز شەرەپ ، ھۆرمەت ،
سېنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈم تاپار ھەر جايدا مىڭ لەززەت ،
خىيالىڭ كۈندۈزى ئاپتاپ ، كېچەلەر كۆكتە ماھىمدۇر .

سۆيۈملۈكتۇر مېنى باققان توقايلار ۋە غېرىب كۆلبە ،
قۇياشلىق تاڭدا ئوينايدۇ ساماۋى قۇم قىلىپ جىلۋە ،
مۇھەببەتكە بۆشۈك بۇ يەر تاۋاپ قىلسام بۈيۈك قىبلە ،
ئەگەر رەشك ئەيلىسە مەيلى ئەرەب يۇرتىدىكى كەئبە ،
مۇشۇ تۇپراق — ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر .

جاھاندا ھېچنېمە تەڭداش بولالماس سۆيگۈگە مۇتلەق ،
ۋىسال قۇچقان مېغىز قوشماق يۈرەكلەر ئەركىگە مۇتلەق ،
كۆيۈپ كۈل بولسىمۇ مىڭ ئاز ۋاپانىڭ ئەھلىگە مۇتلەق ،
كۆڭۈل مۇلكىدە جاي يوقتۇر سېنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق ،
قەسەمىيادىم ئۇچۇن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر .

## كېلەرسەنمۇ

(ئارسلاننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

باھارىستان بېغىم ئېچرە ، گۇلۇم گۇلنار ، كېلەرسەنمۇ ؟
كېچەلەر ئاھ ئۇرۇپ ياتسام ، بولۇپ خۇشتار ، كېلەرسەنمۇ ؟
سەپەر قىلسام يىراقلارغا گويا تۇلپار كېلەرسەنمۇ ؟
چىۋىقتەك تولغىنىپ گۈلدەك كۈلۈپ دىلدار ، كېلەرسەنمۇ ؟
كېيىكتەك ئەندىكىپ چۆچۈپ ، خۇمار كۆز يار ، كېلەرسەنمۇ ؟

تائام ئۆتمەس گېلىمدىن ھېچ سەھەر ، شامدا سېنى ئويلاپ ،
كۆزۈمدىن قۇش كەبى ئۇچتۇڭ ، كېتىپ قالدىم شۇئان توۋلاپ ،
ئاراملىق يوق ، ماڭا دائىم جامالىڭ ، ھېسلىرىم ئوۋلاپ ،
ئىزىڭ قوغلاپ ئۇنەر گۈل ، تارقىلار خۇش ھىد يولۇڭ بويلاپ ،
شامالدەك ئەركىلەپ ئويناپ بويى گۈلزار كېلەرسەنمۇ ؟

ئەجەب قىلدىڭ مېنى يارىم ئۆزۈڭگە ، سۆيگۈگە باغلاپ ،
ئۇرۇپ قەھ - قەھ كۈلۈپ كەتتىم ، قاچاندۇر كەلدى دەپ ئاڭلاپ ،
ساناپ ئەخمەق مازاق ئەتمە ، قويۇپتۇ تۇيغۇلار گوللاپ ،
ئۆتۈپتۇ ئالمىشىپ ئاي - يىل ئۇمىد باغلاپ ، يۈرەك داغلاپ ،
ئەرز - ھالىمنى تىڭشاشقا ، قۇياش رۇخسار ، كېلەرسەنمۇ ؟

دىدارىڭغا جېنىم مۇشتاق ، يۈرەكنى ئۆرتىدىم تەنھا ،
ئېلىپ خاكتىن ئىزىڭ قالغان قاراققا سۈركىدىم تەنھا ،
قويۇپ باشىم ئىبادەتكە ئىلاھتىن تىلىدىم تەنھا ،
جامالىڭغا بولۇپ تەشنا يۇتۇپ قان يىغلىدىم تەنھا ،
رەھىم ئەيلەپ غېرىبىڭغا ، دىلى غەمخار كېلەرسەنمۇ .

ئەزىز نامىڭ يېقىملىق كۈي ، تىلىمغا كەتتىڭغۇ ئورناپ ،
قويۇپ ئوت ئىچىدە يالغۇز قەيەردە يۈرسەن ئويناپ ؟ .
بىدارمەن ئۇيقۇدىن تۈندە ۋىسالىڭ دىلنى ئاھ ، چۇلغاپ ،
مۇھەببەت دەشتىدە ياتتىم چېچىڭ زەنجىرلىرى چىرماپ ،
جېنىمنى قىينىدىڭ ، ئالساڭ جېنىم تەييار ، كېلەرسەنمۇ ؟

بويۇم تاغدىن ئالار قامەت يېنىمدا يار يۈرەر بولساڭ ،
ھاياتتا ئارمىنىم قالماس ئەقىدەمنى بىلەر بولساڭ ،
رىزامەن ، يەتتە رەت يىغلاي پەقەت بىرلا كۈلەر بولساڭ ،
جېنىم رىشتى پاياندازدۇر يولۇڭغا گەر كېلەر بولساڭ ،
تۆكۈلگەن كۆز يېشىمدىن گۈل - چىمەن رەڭدار ، كېلەرسەنمۇ ؟

مانا ئاي هۆسنىگە باقسام تولۇن ئاي هۆسنىدە هۆسنۈڭ ،
قولۇمغا چاي ئالار بولسام چېيىم جىلۋىسىدە هۆسنۈڭ ،
مېنى كەل دەيدۇ — چىللايدۇ ئۆيۈم قىبلىسىدە هۆسنۈڭ ،
كېچە - كۈندۈز قىلار جىلۋە دىلىم ئەينىكىدە هۆسنۈڭ ،
ئۇۋالغا قالمىسۇن سۆيگۈ ، ئارسلان زار ، كېلەرسەنمۇ ؟

## ۋەتەن

(ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

مىسالى مەن ئۇچۇن چالما ئېرىشكەن زەر - گۆهەر سەنسىز ،
غۇۋا ، پىل - پىل يانار كۆكتە كۈلۈپ تۇرغان هۈكەر سەنسىز ،
مېنى باقتىڭ ، بولالماستىن قىران بۈركۈت ، نۆۋەر سەنسىز ،
ۋەتەن سەن سۆيگۈ مىزانىم ، گۈزەللىك بىنەزەر سەنسىز ،
تاپالماس ئېپتىخار ئۆمرى تۇغۇلغان بىرلە ئەر سەنسىز .

ئۆزۈڭسەن ، سەندىكى هەركىم ئۇچۇن خۇددى سېخىي هاتەم ،
سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام كۈنۈم بولغان شۇئان ماتەم ،
جېنىم ، ۋەسلىڭ بىلەن ياشناپ ، قۇياشتەك چاقنىدى ئەتەم .
ۋەتەن مىراجى ئەرشىمسەن[1] خالايىق خالىقى ئالەم[2] ،
ئىناۋەت تاپمىغاي شۆهرەت هاياتلىق ئۆتسە گەر سەنسىز .

يىغام ، كۈلكەم ساڭا ئورتاق ، ئىشىم هەرگىزمۇ تەس بولماس ،
سېنى سۆيسەم ئەقىدەمدە چىنار قەددىممۇ پەس بولماس ،
بەخت ئۇشبۇ مۇھەببەتتىن ئۇلۇغ ئارزۇ - هەۋەس بولماس ،
توپاڭ — جىسمىم ،سۇيۇڭ — قانىم ،هاۋايىڭسىز نەپەس بولماس ،
مەئىشەت ، نازۇنېمەتلەر ماڭا گويا زەهەر سەنسىز .

---

[1] مىراجى ئەرش — پەيغەمبەرنىڭ تەڭرى بىلەن كۆرۈشكەن مۇقەددەس جايى ، تەڭرىنىڭ هەرىمى .
[2] خالىقى ئالەم — ئالەمنى بىنا قىلغۇچى .

غۇرۇر ـ ئىززەت نۇۋەت كەلسە رەقىبىڭگە ئۇرۇش خەنجەر ،
پەقەت سەنچۇن ئىبىپ پۇتسە قىنىم چاچقاي ئىپار ـ ئەنبەر ،
پەخىر بىرلە ئاتام كۈلسە ، ئانام «رازى سۇتۇمدىن » دەر ،
مەگەر پەرۋان دىسەڭ ، شەمئىم ئۆزۈڭسەن چەشمەئى ئەنۋەر[1]
پىراقۇشەۋقى ئىشقىڭدا ماڭا تۇندۇر سەھەر سەنسىز .

كۆڭۈل تەختىم ئارا شاھسەن ، مۇشۇ نوپۇز ساڭا تالىق ،
پەرھىز ئىشقىڭ ماڭا مۇتلەق ، ساۋاب ئۇ ئىككى دۇنيالىق ،
كۆزۈمدە بار ، سۆزۈمدە بار ، يۈرەكتە بار مۇھەببەت لىق ،
ۋەتەن شەيدائى ئوغلانىڭ قىلالماس تەركىي شەيدالىق ،
ماڭا ئار شاھى ئىسكەندەر ئىبرىشكەن قۇت ـ زەپەر سەنسىز .

## مەيلىمۇ

(دىلبەر قىيۇمنىڭ شۇ نامىلىق غەزىلىگە تەخمىس )

سەن بولۇپ بىر شام ـ چىراغ پەرۋانە بولسام مەيلىمۇ ؟
شام ـ چىراغچۇن جان پىدا ، مەردانە بولسام مەيلىمۇ ؟
ياكى بىر ئۇز گۈل ئۆزۈڭ ، مەستانە بولسام مەيلىمۇ ؟
مەن سىنىڭ ھىجرىڭ بىلەن بىگانە بولسام مەيلىمۇ ؟
سۆيگۈ ـ ئىشقىڭ داغىدا يىگانە بولسام مەيلىمۇ ؟

سىنى سۆيدۈم يۈرىكىمدىن ئاشىق بولۇپ ، مەشۇق كۆرۈپ ،
جان نىمە ، جاندىن شىرىن تاتلىق كۆرۈپ ، ئارتۇق كۆرۈپ ،
بۇلبۇلى شەيداسىغا ئىككى جاھان لايىق كۆرۈپ ،
كۆز تۇتۇپ تۈنلەر ئارا مەن يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ،
زارىقىپ ۋەسلىڭ ئۈچۈن دىۋانە بولسام مەيلىمۇ ؟

---

[1] چەشمەئىي ئەنۋەر — نۇر بۇلىقى .

سىنى ئەسلەتتى سەھەر كۆك قەرىگە چولپان چىقىپ ،
ناز بىلەن باقتى ماڭا نۇرلىرى چۈشتى ئېقىپ ،
بىر گۈزەل سىما بىلەن قەلبىمگە ئۆچمەس ئوت يېقىپ ،
باغقا كىردىم سېنى ئىزدەپ گۈل ئارا ھەريان بېقىپ ،
مەشۇقى سەنەم كەبى سەرسانە بولسام مەيلىمۇ ؟

يار دېگەندە ھەر قېتىم كۈلدۈردۇ بىر ھېس مېنى ،
سەن ئەمەسمۇ ئامرىقىم ئۆمۈر بېغىمنىڭ گۈلشىنى ،
قىينىسا ھىجران نېتەي كۆزلىرىم ئىزدەر سېنى ،
قايدىسەن ئەي دىلخۇمارىم بىر كېلىپ كۆرگىن مېنى ،
شۇ پىراق دەشتىدە مەن ۋەيرانە بولسام مەيلىمۇ ؟

سۆيگۈمىز بىر گۈل بولۇپ سەن ئاڭا مېھنەت قىلمىساڭ ،
ياش تۆكۈپ ھەسرەت يۈتاي پېقىرنى ئۈلپەت قىلمىساڭ ،
نېمە بولغاي دىلى خەسكە مۇنچىلىك دەرد قىلمىساڭ ،
دىلبىرىڭنىڭ ھالىغا سەن رەھىم - شەپقەت قىلمىساڭ ،
خەلقئالەم ئالدىدا ئەپسانە بولسام مەيلىمۇ ؟

## كەلمىدىڭ

(تۇرسۇن ياقۇپنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

تاڭ سەھەرنىڭ يۈزىنى سۆيگەن خۇش شامالى كەلمىدىڭ ،
مۇنتەزىر بولدۇم ئۆزۈڭ بەختىم ۋىسالى كەلمىدىڭ ،
بارچە قىزنىڭ ئەركىسى ، ساھىبجامالى كەلمىدىڭ ،
ئاچىلىپ گۈلدەك كۈلۈپ بۇلبۇل مىسالى كەلمىدىڭ ،
جىلۋە قىپ ئايدەك ھاياتىمنىڭ باھارى كەلمىدىڭ .

سېنى كۆتتۈم سېغىنىشنا باش باھاردىن كۆزگىچە ،
يولغا چىقتىم ، ئىزدىدىم ، باردىم داﻻيۇتۇزگىچە ،
ئەسلىدىم باغقا كىرىپ گۈلدەستىلەرنى تۈزگىچە ،
خۇش پۇراقلىق ھىد چېچىپ قەلبىم ئۆيىگە ئۆزگىچە ،
كۆك ئارا پەرۋاز قىلىپ كۆڭلۈم ناھارى كەلمىدىڭ .

باشقىغا باقماس كۆزۈم سەن بىر جانانىم بار تۇرۇپ ،
نىمە ئارمان تائەبەد سۆيسەم سېنىلا ياقتۇرۇپ ،
ساڭا ئوخشاش ئۆز نىگارىم يوق كۆرسەم جاھاننى ئاختۇرۇپ ،
يوللىرىڭغا تەلمۈرۈپ ھەسرەت چېكىپ ، كۆپ ئاھ ئۇرۇپ ،
قالمىدى تەشنا كۆڭۈلنىڭ قىلچە ھالى ، كەلمىدىڭ .

ساڭا كۆيگەيمەن پەقەت پەرۋانىدەك مېھرىم بىلەن ،
نەزمە پۈتەرمەن تۈنلىرى ئوتلۇق يۈرەك رىشتىم بىلەن ،
ياشىغايمەن ئۆلگۈچە قىلغان سۆزۈم - ئەھدىم بىلەن ،
تاڭ ساباسىدىن سورايمەن ئىنتىلىپ ئىشقىم بىلەن ،
ھېچ خەۋەر يوق ، مەن غېرىبىنىڭ نە ئاھالى ، كەلمىدىڭ .

بىر سېنىڭسىز تومۇرۇمدا ئاقمىغاي قان ئامرىقىم ،
پاك مۇھەببىتىڭ ماڭا خۇددى ئاش - نان ئامرىقىم ،
پىتنىخورلار ھەرنىمە دەر ، يۇتمىغىن ئان ئامرىقىم ،
خالىماس كۆڭلۈم سېنىڭدىن ئۆزگىنى جان ئامرىقىم ،
ھەسسىلەپ ئاشتى دىلىمنىڭ دەردتە زارى ، كەلمىدىڭ .

بولمىغاي ئارتۇق سىناق بىر مەن ئۈچۈن ھىجران كەبى ،
زارى - زار يىغلاپ ئاقۇر كۆز ياشلىرىم ئوكيان كەبى ،
بايلىقىم يوق ، ئالتۇنۇم قەلبىمدىكى ۋىجدان كەبى ،
سەن ئۈچۈن پۈتمەس ئەقىدەم جۇش ئۇرار فونتان كەبى ،
بولدىمۇ يا شۇ ئەقىدەمنىڭ ئۇۋالى ، كەلمىدىڭ .

مەن كەبى سەرسانە بولغان بارمىكىن ئىنسان ئارا،
بۇلبۇلگويادەك كۆيلىسەم چىقماس ئۈنۈم بوستان ئارا،
بولدۇما مۇڭ بەندىسى، قەلبىم قوقاس ۋولقان ئارا،
بىر كېلىپ چېھرىڭنى كۆرسەت، شادلىناي ۋەسلىڭ ئارا،
تائەبەدلىك سەن جېنىمنىڭ ئىپتىخارى كەلمىدىڭ.

## سۆيگۈ بىلەن ھەممە يەر يورۇق جاھان ئەمەسمۇ

(ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ئايا دىلبەر سەن ئۈچۈن كۆڭلۈم ئاسمان ئەمەسمۇ؟
شۇ ئاسماندا نۇر تۆككەن ئۆزۈڭ چولپان ئەمەسمۇ؟
قارا كۆزۈڭ جان ئالار قارا زىندان ئەمەسمۇ؟
جانان، ئۇنتۇپ قالمىدىم مەن ئارسلان ئەمەسمۇ؟
چۈشلىرىمگە رەڭ بەرگەن سەن مېھرىبان ئەمەسمۇ؟

بۇلبۇل بولۇپ نامىڭنى قېتىۋالدىم قوشاققا،
قوشىقىمنى شامماللار ئېلىپ كەتتى يىراققا،
تېۋىندىم ئاھ، چاڭقىغان تېۋىنغاندەك بۇلاققا،
چىدىيالماي پىراققا، يولنى ئالدىم يىراققا،
ئاشىقلارغا باياۋان ياخشى ماكان ئەمەسمۇ؟

يولۇم ئەجەب خەتەرلىك، ھاۋامۇ بەك ئۇسالغۇ،
لېكىن ئۇلار مەن ئۈچۈن بولالمىدى توسالغۇ،
ۋىسالىڭدۇر ئامرىقىم ئالىي نىشان تۇرالغۇ،
كۆھىقاپنىڭ قۇچىقى بولدى ماڭا قونالغۇ،
سۆيگۈ بىلەن ھەممە يەر يورۇق جاھان ئەمەسمۇ؟

دېدىم سۆيگۈ ئېرىدىم ، ئوكيان بولدۇم ئۆزۈمگە ،
بىتاپ بولسام ۋايىسماي لوقمان بولدۇم ئۆزۈمگە ،
جېنىم چىقسا ئارمان يوق ، قۇربان بولدۇم ئۆزۈمگە ،
گۈلخان بولدۇم ئۆزۈمگە ، سۇلتان بولدۇم ئۆزۈمگە ،
ئۇتۇم بىلەن ئالەمنىڭ رۇخسارى قان ئەمەسمۇ ؟

يەڭدىم مۇشكۈل ـ خەتەرنى ، رۇستەم كۈلدى ـ سۆيۈندى ،
چاۋاك چالدى گۈل ـ گىياھ ، خۇددى ئالەم سۆيۈندى ،
بولۇپ قۇتلۇق مەرىكە بارچە ئادەم سۆيۈندى ،
ئالدىمدا ھۆر كۆرۈندى ، ئىلاھىي نۇر كۆرۈندى ،
جاننى بېرىش ئاشۇ چاغ بىر ئىمتىھان ئەمەسمۇ ؟

# ئابدۇقادىر جالالىدىن غەزەللىرىگە تەخمىس

## 1

مەندە يوق ئۆزگە سۇپەت ئاشىق دېگەن نامدىن بۆلەك ،
يوق مۇراد يۇمغاندا كۆز تەن ياپقۇدەك خامدىن بۆلەك ،
ئىچ پۇشۇش ھەمراھ بەزەن قورشاپ كېلەر تامدىن بۆلەك ،
كىم ماڭا سىرداش بولۇپتۇ ئاخشىمى شامدىن بۆلەك ،
چىپپىدە يالغۇزلۇقۇمغا كىيمە ھۇجرامدىن بۆلەك .

ساز بەلەن يار ، ئۇلپىتىم قالغان چېغىمدا مۇڭسىراپ ،
تارلىرى تۆكسە تىنۇش يىتكەي دىلىمدىن ئىزتىراپ ،
زېرىكىش سوققا ئالار بەرمەي چىداش ئاھ قانسىراپ ،
تاملىرىمدىن سىيرىلىپ چۈشتى نىگاھىم ھالسىراپ ،
كىم ئۆچۈر بەردى پەسىللەردىن غۇۋا رامدىن قاراپ .

توپىدىن پۈتتى نىتەي ئىنساننى تەڭرى ، ياپىرىم ،
ئاڭا يار قىلدى يەنە شەيتاننى تەڭرى ، ياپىرىم ،
بەرمىدى راھەت ، تىخى بەردى جاپانى ، ياپىرىم ،
بىر قەدەھ مەيدىن جاھاننى كۆردى ھەييام ، ياپىرىم ،
مەنمۇ ئىزدەيمەن كۆرۈشنى بەلكى ھەييامدىن بۆلەك .

قۇچىقىن ئاچسا كۇلۇپ بۇلبۇلغا كۆكلەم ـ نەۋباھار ،
ئىچىلىپ گۇللەر چاچۇر باغقا ، دىماغقا خۇش ئىپار ،
خۇددى چۈش كۆرگەن كەبى ئۆتكەچكە قىلماي ئىتىبار ،
بىر گادايمەن بۇ ئۇچۇر دەۋرىدە يوقتۇر روزىغار ،
ئول نەۋائى قالدۇرۇپ كەتكەن پۇچۇق جامدىن بۆلەك .

بۇ ھايات ھەركىم ئۇچۇن سىرلىق تىپىشماق ، ئىمتىھان ،
ياكى مەلۇم يا ئەمەس كىملەرگە كىملەر مىھرىبان ،
ئىبلىسمنى مات قىلىپ بولماقچى بولدۇم قەھرىمان ،
بۇ مىنىڭ كۆڭلۇم گويا ئاپپاق ئىچىلغان داستىخان ،
ياغمىدى ئۇنىڭغا ھىچبىر نەرسە دەشنامدىن بۆلەك .

ئىزدىدىم ، مەن كىم ئىدىم ؟ توختىماي ـ تاپماي ئەمىن ،
ئۇچرىشىپ قالدۇق بىرە «ئۇ» ياقمىدى لىۋىم لىۋىن ،
سۆيگىنىم بولدى ئازاب ، ئىيتتىم شۇنى نە ئەيلىيىن ؟
ئاق چىچىم يۇلتۇزلىرىنى ئوينىتار چايقاپ مەيىن ،
سالمىدى قولۋاق ئۇنىڭغا زەردى ئەييامدىن بۆلەك .

بىر مەھەل تورىسىمۇ كۆزنى جاھالەتنىڭ ئىسى ،
ئىدرىكىم شەمشەر بولۇپ قايرىلمىغاچ ئۆتكۈر بىسى ،
ئايرىدىم ئالتۇننى ئاخىر ، قىلدىم كۈمۈش ، مىسنى مىسى ،
يارمۇ بەزىدە نىسى ، ھالىڭغا يەتمەيدۇ ئىسى ،
تاپمىدىم ، سولغۇن ، ۋاپادار يارنى كاللامدىن بۆلەك .

## 2

بارمۇ بۇلبۇلنىڭ نىگارى باغۇبوستاندىن بۆلەك ،
لاچىنى ، بۇركۇت دېگەننىڭ كەڭرى ئاسماندىن بۆلەك ،
مەنكى ئىنسان ، كۆپ مۇرادىم ، بەلكى ئاش - ناندىن بۆلەك ،
قالمىدى مۇلكۇم نىدالىق تەندىكى جاندىن بۆلەك ،
تەپ ئارا قايناپ تاشالماي سوۋۇغان قاندىن بۆلەك .

بۇ هايات سىرلىق ئەجەب ، راهەت ، جاپاسى بار تولۇق ،
ئايلىنار ئايمۇ يەنە تېڭى قارا ، تېڭى يورۇق ،
قالما تاڭ ئازغان ئالارسەن گاهىدا سالساڭ ئۇرۇق ،
چوغ سوراپ باردىم ، ئىشىكلەر ئالدىدىن قايتتىم قۇرۇق ،
توڭلىسام قالماپتۇ ئۆچكەن كونا گۇلخاندىن بۆلەك .

ئىزدىبان نۇر ۋە ئەقىل كەچمىشكە چۆكتۇم قايتىلاپ ،
مەشغۇلۇم ئەتتىم داۋام جايىمغا كەلدىم هالسىراپ ،
بىر ئۇمىد مەيلىمنى ئەپ ، قەلبىمنى قۇچتى ئىزتىراپ ،
قۇمغا غەرق بولغان تالاي يوللارنى باقتىم مالتىلاپ ،
چىقمىدى كۆڭلۇمگە غوۋغا داغى هىجراندىن بۆلەك .

ياخشىلىق بولسا ئەگەر هەربىر يۈرەكنىڭ قىبلىسى ،
قۇت ئارا كۇلگەي يۈرەك ، قالماس ۋاپامۇ هەم نېسى ،
گۇل بىلەن ، ئامەت بىلەن تولمامدۇ پارلاق كەلگۈسى ؟
دەسسىلىپ ئۆچمەكتە هەر ماڭدامدا نۇرنىڭ قەبرىسى ،
هۆپىگەردە قالمىدى ئوقەتكە يالغاندىن بۆلەك .

بۇ جاهان بازارىدىن ئۆتكۈمغۇ يوقتى تەمتىرەپ ،
بەرمىدى ئەمما ئارام دىلنى ئازابلار پەتلەپ ،

ئەل بىلەن سۇردۇم ئۆمۈر گاھى كۇلۇپ، گاھ ئېڭىشىرەپ،
ھەر سەھەر قىلدىم ئىبادەت تەڭرىدىن شەپقەت تىلەپ،
تاپقىنىم كۆز چەشمە بولدى ئارزۇ - ئارماندىن بۆلەك.

ئارمىنىم باغى ئارا باردۇر چۇچۇك، پىشقان ئۈزۈم،
يىقىلىپ تۇردۇم يەنە بولدۇم چىنار خۇددى ئۆزۈم،
شۇڭىمۇ ئىبرەتكە باي، ھېكمەتكە باي ئېيتقان سۆزۈم،
ۋەجىنى ئويلاپ مىزاننىڭ بۇرجىغا سىڭدى كۆزۈم،
قىلمىشىم ئېرمىش ھەمىشە ئەھدۇئىماندىن بۆلەك.

خالىسا گاھ قوللىرىدىن تۆكتى دۇردانە پەلەك،
بىر يولى ئالماي جېنىمنى ئەتتى سەرسانە پەلەك،
خىلمۇخىل كويدا مېنى ئاھ، قىلدى پەرۋانە پەلەك،
ئاڭلا، سولغۇن قىسمىتىڭ خىسلەتكە پەيمانە پەلەك،
بولما ۋىجداندىن تۇغۇلغان پەرقى پەرماندىن بۆلەك.

# ئۇزۇن چاچ

(سەمەت ئابدۇراخمان قۇچىغۇنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

ھەي ئۇزۇن چاچ كەمىرىمدەك ئورىۋالغۇم بار سېنى،
كۆرگىنىمدە كۆزلىرىمگە سۇرۇۋالغۇم بار سېنى،
ئاھ دىبان، كۆز يۇمغىنىمدا سۆيۈۋالغۇم بار سېنى،
قامچىگۇلنى ئوينىغاندەك ئوينىۋالغۇم بار سېنى،
ئوينىغۇچ — چىلگە كەبى پۇرىۋالغۇم بار سېنى!

قانچىلار كەستى سېنى، مەن سۇ بولۇپ ئاقتىم ئاڭا،
ھەسرىتىم ئاشتى نىھايەت نەزمىلەر پۈتتۇم شۇڭا،
سىر ئەمەس بۇ، مەن كەبى ئاشىق ئىدى كۆپلەر ساڭا،

باشقىلار كۆلمىسىلا ۋە ياكى يول قويساڭ ماڭا ،
تويدا پوتا ئۆرۈگەندەك ئۆرۈۋالغۇم بار سېنى !

سەن بىلەن لايىق ھۆسن قوشسا گۈزەللەر نازىغا ،
قويۇۋەتسە ھەم سېنى ئۆز ئەركىگە ، پەرۋازىغا ،
ئاھ ، يىگىتلەر يۈرىكى يەتسە باھارى ، يازىغا ،
تەگكۈزۈلسەڭ تۆگىنىڭ يوللاردا قالغان ئىزىغا ،
يادا — يامغۇر سۈيىدە يۇپ تارىۋالغۇم بار سېنى !

كېسىلىش شۇم قىسمىتىڭمۇ بۇ ھاياتقا تۆرىلىپ ؟
دىلغا سالدىڭ ئوت - پىراق توي ، رەستىدە كەم كۆرۈنۈپ ،
ھەسرىتا ، بولدى مۇراد ئۆتسەك نۇرۇڭغا چۆمۈلۈپ ،
ئەتىۋارلاندىڭ ئېگىز دەرەخ تۇۋىگە كۆمۈلۈپ ،
توپا كىرگەن كۆزلىرىمگە سۈرتۈۋالغۇم بار سېنى .

يۈك بولۇپ قالدىڭ نېتەي ئەبجەش يوسۇن ئېغىشىدا ؟
قالدى داغ پۈتمەس ئەبەد دىلنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا ،
ئاغرىقىڭ بەرمەس ئارام ھەربىر يۈرەك بېغىشىدا ،
زادى قالدىڭ قانچىلىك ئۈيغۇر قىزىنىڭ بېشىدا ؟
كېچىسى ياستۇق قىلىپ بىر يېتىۋالغۇم بار سېنى .

## سېنى ئايغا ئوخشاتسام

(مۇختەر سۇپۇرگىنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

چاچرىماقنى ئىزدەمسەن سېنى لايغا ئوخشاتسام ؟
ئوتنى كۆرمەي ئېرىمسەن سېرىق مايغا ئوخشاتسام ؟
خامانلاردا تۈنەمسەن مۇڭ ، «لاي - لاي»غا ئوخشاتسام ؟

كۆكتىن ماكان ئىزدىدىڭ سېنى ئايغا ئوخشاتسام،
تەشنا قىلدىڭ، لېۋىڭنى ھەسەل چايغا ئوخشاتسام.

دىلى بۆلەك، دوستۇم دەپ يانغا پىچاق تىققاننىڭ،
بىر كۈن ئوسال بولمىقى ئېنىق پاسات يىغقاننىڭ،
ھايات بازار بولسىمۇ چىدىغانغا چىققاننىڭ،
جەننىتىدە چايان بار يارغا يالغان ئېيتقاننىڭ،
چاكار كۆردۈڭ ئۆزۈڭگە سېنى بايغا ئوخشاتسام.

تارتماق دۇرۇس بولسىمۇ راھەت ئۈچۈن جاپانى،
كەچۈرمەكلىك بولسىمۇ كىچىك سەۋەن - خاتانى،
خالىماس دىل ھەرگىزمۇ ئارتۇق تەنە - تاپانى،
سۆيگۈ بەخت بەرمەمدۇ بىلسە مېھىر - ۋاپانى،
قۇچىقىڭنى تار قىلدىڭ پاناھ جايغا ئوخشاتسام.

بېرەلمەيدۇ كۆڭۈلگە زۇۋانسىز بۇت زوق - لەززەت،
ئىلمانلاردىن چىقىش تەس قۇۋانغۇدەك ئوت، لەززەت،
سۆيگۈ ئاشىق - مەشۇققا ساداقەتتە قۇت، لەززەت،
سۆيدۇرمىسەڭ، سۆيگەننىڭ ئاھلىرىدا نە لەززەت؟
قېچىپ كەتتىڭ سېنى شوخ توسۇن تايغا ئوخشاتسام.

سەھەر بۇلبۇل كۈيىگە تېۋىنىدۇ باغ - چىمەن،
ئىشچان باغۋەن تەلەپچان، كۈلۈپ تۇرغان گۈل بەلەن،
خۇشاللىقتا گاچىمۇ بولۇپ قالار ناخشىۋەن،
مەشۇق دېگەن ئاشىققا بولار ئىدى سايىۋەن،
نېمە دەرسەن بار سېنى تاقىر سايغا ئوخشاتسام؟

ئېزىققاندا يولۇمدىن ماياك بىلسەم چېھرىڭنى،
كۆرەلمىدىم مىڭ ئەپسۇس، تېتىپ يۇردۇم ھىجرىڭنى،

بولدى يوچۇن تېپىشماق مەن بىلمىدىم سېھرىڭنى ،
قوش قۇتۇپلۇق جاھان بۇ ، جۇدۇن قىلما مېھرىڭنى ،
كېلەرمىدىڭ ئوت تىلەپ ، مۇز چىرايغا ئوخشاتسام ؟

سېنى ئەسلىي كۆرمىسەم مەھلىيا بوپ يۈرمەستىم ،
سېنى ھەتتا جېنىمدىن ئارتۇق ، ئەزىز كۆرمەستىم ،
چۈشلىرىمدە ۋىسالىنىڭ خۇش پەيزىنى سۈرمەستىم ،
يار دېمىسەم كۆيمەستىم ، لەھزە بولۇپ سۆيمەستىم ،
سۆيگۈ تىلەپ كېلەمسەن ، بىر گادايغا ئوخشاتسام ؟

## دەيدۇ كىم

(ياسىنجان ئىبراھىمنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

جانغا جان دۇردەك سۇنى چەشمە — بۇلاقتا دەيدۇ كىم ؟
قاپقارا رەڭنى يەنە سۇمبۇل ، قاراقتا دەيدۇ كىم ؟
ئاھ ، پىغانىنىڭ بارىنى مۇڭلۇق قوشاقتا دەيدۇ كىم ؟
يۇلتۇزۇمنى ئىزدىسەم كۆرمەي يىراقتا دەيدۇ كىم ؟
گۈل ھىدىنى قىردىكى ئەمەن ، قىياقتا دەيدۇ كىم ؟

ئالدىراپ بەرگەن باھانىڭ زېمىنى بولغاي يامان ،
شامىلى گەر چىقمىسا بولماس ئىنىق بۇغداي ، سامان ،
بەزىدە ئىسپاتلىنار ھەقمۇ پەقەت ئۆتسە زامان ،
قايدا گۈلخان ، قايدا مەشئەل ئىزدىدىم تۈندە ھامان ،
بەختىنى قانداقسىگە ئۆچكەن چىراغدا دەيدۇ كىم ؟

بولمىسا ئادەمدە گەر ئادەمگە خاس سۆيگۈ ، مېھىر ،
بولغىنى مىڭ ياخشىدۇر چىملار كۆكەرگەن تاغ ـ ئېدىر ،
بۇ ھايات ، تۇرمۇش مۇرەككەپ ، ماڭدامدا بار مىڭلارچە سىر ،

دولقۇنۇم ساھىلىغا بەزەن چاچار ئاچچىق شېئىر ،
قاپتۇ ئىگراپ ، زارلىنىپ دەردۇپىراقتا دەيدۇ كىم ؟

«ئوتى بارنىڭ سۇيى يوق» ، شۇنداق ئېرۇر ئالەم دېمەك ،
شۇڭىمۇ ئادەم ئۈچۈن جان كۆيەر دوستلار كېرەك ،
روھىنىكى تەمكىن ، دۇرۇسلۇق ئىشتىكى نۇسرەت دېمەك ،
نېمە بار دەردۇپىراقتا بەلكى كۆز ياشتىن بۆلەك ،
ئۇزسە ياشتا قولۇقىم ، ياسىن سىناقتا دەيدۇ كىم .

كەلمىگەي قولغا بەخت چەكمەي جاپا ھەم جەبرىمۇ ،
بۇ جاپالار ئالدىدا قەلبىمدە چەكلىك سەۋرىمۇ ،
كۇتىدۇ مەندىن يېڭىش ئەجداد تۇگۇل ۋە نەۋرىمۇ ،
ئاق كېپەندىن تون پىچىپ كەلگەن چېغى ئاچ قەبرىمۇ ،
ئارمىنىم ، كۇلكەمنى قاتقان جۇپ زىناقتا دەيدۇ كىم ؟

بەزىدە ھەسرەتلىرىم باشىمدا قايناپ تۇرسىمۇ ،
شۇم ، نجىس شەيتان كېلىپ ئالدىمدا نازلاپ تۇرسىمۇ ،
نېمە ئارمان مۇشت ئېتىپ دەيمەن نىيازى ئۆلسىمۇ ،
ھىدلىماي روھىمنى ئۇ گۇلگۇن چېچەكلەپ تۇرسىمۇ ،
قەبرىگە بەتبۇي چېچىپ ئۇنگەن شىۋاقتا دەيدۇ كىم ؟

# ئېھتىمال

(ئىسمايىل سابىرنىڭ ئىككى غەزىلىگە تەخمىس)

تاڭ ئېتىپ چىقسا قۇياش ئويناپ كېلەرسەن ئېھتىمال ،
بۇ دىدارنى مەن كەبى ئايەم كۆرەرسەن ئېھتىمال ،
ئەھدە قىلساق تەڭ ياشاپ ، بىللە ئۆلەرسەن ئېھتىمال ،

خار ئېتىپ پاك سۆيگۈنى تاشلاپ كېتەرسەن ئېھتىمال ،
ياكى ئارزۇلاپ مېنى قانماي سۆيەرسەن ئېھتىمال .

چۆلدىكى ئالۋۇنمىدىڭ ئاھ ، يەتمىدىم قوغلاپ سېنى ،
بىر گۈزەل ناخشا ئىدىڭ ، ئېيتالمىدىم توۋلاپ سېنى ،
ئوۋچى بولدۇم ، ھەي ، نېتەي ئالالمىدىم ئوۋلاپ سېنى ،
ئەس - ھوشۇم سەندە پەقەت كۈن - تۈن بىدار ئويلاپ سېنى ،
ئىلتىپات قىلماي تېخى دىلنى ئېزەرسەن ئېھتىمال .

بىر گۈزەل ئاق قۇ مىسال رەستىدە كۆردۈم قاي كۈنى ،
تەلمۈرۈپ تۇردۇم ئۇزاق ، ھېچ سەزمىدىڭ ئەمما بۇنى ،
نەگە كەتتىڭ بىلمىدىم ، باستى مېنى مۇڭ كەلكۈنى ،
ياكى دەرد كەلسە ماڭا تەڭ كۆتۈرۈپ غەم يۈكىنى ،
كەلسە شادلىق جور بولۇپ بىللە كۈلەرسەن ئېھتىمال .

شام بولۇپ ئاقتى ئانام ئىچ ئاغرىتىپ ئۆز ئوغلىغا ،
بەلكى تەشۋىش خەنجىرى پاتتى كېلىپ ھەم باغرىغا ،
ئىستىكىم يەتسەڭ ئىدىڭ مەندەك ئۇۋالنىڭ ھالىغا ،
رەھىم - شەپقەتسىز پەلەك سالسا جۇدالىق يولىغا ،
بىر ئەمەس ، مىڭلاپ بېقىپ زار - زار ئېتەرسەن ئېھتىمال .

سورىغۇم بار : سەن ئۇچۇن باقمىدىمۇ قەدرىم ئۆتۈپ ؟
شۇندىمۇ مەن ھارمىدىم بىر سەن ئۇچۇن نامە پۈتۈپ ،
خۇش بولارسەنمۇ نېتەي ئۆتسەم سېنى مەڭگۈ كۈتۈپ ؟
ئىنتىلىپ تۇرسا يۈرەك ۋەسلىڭنى ئىزدەپ قان يۇتۇپ ،
ئۆزگىلەرنى ياد ئېتىپ ئويلاپ يۈرەرسەن ئېھتىمال .

سېنى كۆرگەندىن بېرى يوق بۇ كۆڭۈل ئۆز ئورنىدا ،
بوغۇزۇمنى قىينىدى ئىشقىڭ بولۇپ تۇز ئورنىدا ،

ئېرتەرمەن قەھرىتان تۇرساڭ كېلىپ مۇز ئورنىدا ،
نە ئەجەب كۆرۈپ مېنىڭ قەدرىمنى سەن خەس ئورنىدا ،
سەن ئۆزۈڭنىڭ قەدرىنى ئالتۇن بىلەرسەن ئېھتىمال .

سورىسام سانسىز قېتىم ئۇشبۇ كۆڭۈلنىڭ مەيلىنى ،
بىر ئۆمۈر سۆيمەكچىكەن سەندەك گۈزەلنى ، لەيلىنى ،
سەندە كۆرسەم نە بولۇر مەندەك يۈرەكنىڭ پەيلىنى ،
ئېرىشىپ چىن سۆيگۈگە ئىچسەك ۋىسالنىڭ مەيىنى ،
بال ئەمەس ، زەم - زەم كەبى لەززەت سېزەرسەن ئېھتىمال .

## كۆزۈڭ

(ئەسقەر مەمتىمىننىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس)

پاك مېھىر كانى ئىرۇر ، ئاسمانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ ،
تاڭ سەھەر بۇلبۇلىمەن ، بوستانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ ،
سۇپسۇزۈك نۇرلار تۆكۈپ مارجانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ ،
ئايغا ئوخشايدۇ يۈزۈڭ ، چولپانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ ،
مەن گويا كى بىر بېلىق ، ئوكيانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .

قۇل ، ئەسىر بولدۇم شۇ تاپ تۇرسامۇ گەرچە ئىنتىلىپ ،
قورقۇنچ ، شادلىق تۇپەيلى ئاغدى يۈرەك دۇپ - دۇپ قىلىپ ،
نېمە ئارمان بىر ئۆمۈر ئۆتسەم سېنى قىبلە بىلىپ ،
راستىنى ئېيتسام ئەگەردە قارىساڭ لىپ - لىپ قىلىپ ،
كۆيىدۇ جىسمىم مېنىڭ ، گۈلخانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .

قاشلىرىڭ بەرگى قىياقتۇر ، چاچلىرىڭ باغ سۇمبۇلى ،
سەندە كۆيلەر توختىماي بەختىم ، مۇرادى بۇلبۇلى ،
كېلىدۇ تاڭدا قۇياش پۈتمەس نۇرۇڭنى ئالغىلى ،

سەن قىزىلگۈل ، گۈلنى ئۈزمەك بولسا گەر ياتلار قولى ،
دەرغەزەپتە چەكچىيىپ قالقانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .

سېنى دىلدىن ياقتۇرۇپ قالدىم تولۇن يۈزلەر ئارا ،
ئۈزلۈقۈڭ ۋەسلى ئۈچۈن چەكتىم پىغان سۆزلەر ئارا ،
نۇرلىرىڭنى سېغىنىپ تۇردۇم قىرووۋ - مۇزلار ئارا ،
ئۈلگە ئەخلاق بابىدا مىڭ - مىڭلىغان كۆزلەر ئارا ،
هۆر - پەرىلەر ئىچىدە سۇلتانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .

گاهىدا كۆرمەي سېنى تارتتىم ساناقسىز دەرد - ئەلەم ،
نەدە يۈردۈڭ بىخەۋەر سەن ئامرىقىم — مەشۇق ، سەنەم ،
نەزىرىڭ چۈشكەندە چۆل بولغۇسى باغ ، ياق ، ياق ، هەرەم ،
لەززىتى ئەسقەرگە ئىلهام بېرىدۇ ئالسا قەلەم ،
تەرىپى پۈتمەس ئەبەد داستانغا ئوخشايدۇ كۆزۈڭ .

## دەپتۇ

(مۇساجان يۇنۇسنىڭ شۇ ناملىق غەزىلىگە تەخمىس )

نىگار مەندىن بىكار رەنجىپ سىرىمنى قىلدى پاش دەپتۇ ،
ماڭا ماس كەلمىگەي ، بولغاچ ئەزەلدىن بەك ياۋاش دەپتۇ ،
پېقىرنى خۇددى شام چاغلاپ ، ئۆزىن نۇرلۇق قۇياش دەپتۇ ،
مېنى يارىم چۈشەنمەستىن ۋاپاسىز ، باغرى تاش دەپتۇ ،
ۋاپاسىز دەردىدە كۆزدىن لۆمۈلدەپ ئاقتى ياش دەپتۇ .

يۈرەككە پاتتى ئوق ، خەنجەر جانانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ،
دەرىخا ، ۋاي دېدىم مىڭ رەت ، ئىسىت يۈرگەنلىم داڭلاپ ،
ئەجەب بىلمەپتىمەن كۆپتىن يۈرۈپتۇ ئۇ مېنى گوللاپ ،

قىلىپ نالە، چېكىپ پەرياد خۇداغا زار - زار يىغلاپ،
پەقەت مۇمكىن ئەمەس يارنىڭ ئازابىغا چىداش دەپتۇ.

نەسىھەت قىلغۇچى دوستلار شۇئان ئەخمەققە ئايلاندى،
سۆزى بولدى غەلەت - يالغان، ئۆزى كۈلمەككە ئايلاندى،
كۆرەلمەسلەر كۈلۈپ - يايراپ گويا لەگلەككە ئايلاندى،
يۈرەك - باغرىم بولۇپ ئۆتمىتۆشۈك ئەلگەككە ئايلاندى،
پۈتۈن ئاسمان بىلەن بولماس ئۇنى ھەتتا ياماش دەپتۇ.

يۈزىنى ئۆرۈدى مەندىن نىيەت بۇزغانلىقى يارنىڭ،
ماڭا كۆزنى يۇمۇپ يوقلۇق خېتى يازغانلىقى يارنىڭ،
قىلىپ نەيرەڭ ئۇدۇل يولغا ئورەك قازغانلىقى يارنىڭ،
مېنى سۆيگەنلىكى دىلدىن ئىمىش ئازغانلىقى يارنىڭ،
تۈمەن ئەلا كۆيۈش ئوتتا ھارام مۇنداق ياشاش دەپتۇ.

خىيال قىلسام يۈرەكىمنى «قارا مۈشۈك» ھامان تىلغار،
يورۇق ئالەم قارا زىندان مۇشۇ تۇيغۇ دىلىم چۇلغار،
كۆزىدە ياش نىيازىنىڭ، كۈلۈپ گاھى ئۆزىن تىللار،
(مۇسامۇ دىلىدا پىنھان قار - يامغۇر كەبى يىغلار)،
ۋاپاسىز بولغۇچە يارغا چېپىلسۇن رەزگى باش دەپتۇ.

1995 — 2005 - يىللار



本集子选录了作者近年以来所写的一部分诗歌。

مەسئۇل مۇھەررىرى : چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : بەختىيار ئابلىمىت

# يۈرەك يىلتىزى

(شېئىرلار)

ئاپتورى : ئەكبەر نىياز پەتتارى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230مم 1/32
باسما تاۋىقى : 7.75 قىستۇرما ۋارىقى : 3
2010 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 12 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 3000 — 1

ISBN 978—7—5373—2268—3
باھاسى : 20.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

# يۈرەك پىلتىسى

ISBN 978-7-5373-2268-3

9 787537 322683 >

(民文) 定价: 20.00 元